www.islamyoli.net

- بِسمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ -

# ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە
# سوئال ـ جاۋاب

## ـ مۇستاپا توپالئوغلى ـ

## تەرجىمە قىلغۇچى: قۇرئان خىزمەتكارى

### كىرىش سۆزى

بەدىنىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىشقا ئېھتىياجى بولغىنىدەك روھىمىزنىڭمۇ ئوزۇقلىنىشقا ئېھتىياجى بار. روھىمىزنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان ئەڭ سۈپەتلىك ئوزۇقلۇق «دىنىي مەلۇماتلار»دۇر.
دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۇنداق ئاددىي، چېچىلاڭغۇ بولسا بولمايدۇ. دەۋرگە، مۇھىتقا ئۇيغۇن، پىلانلىق ۋە پروگراملىق بىر ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.
بۇ سەۋەبتىن «دىنىي تەلىم ـ تەربىيە» تۆۋەندىكى تۆت ئاساسىي مىتوتقا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك:
1. ئۆگىنىش يېشىغا كەلگەن بىر ياش بىلەن سۆھبەتلىشىش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش ئارقىلىق ئىدىيىسىدە دىنىي بىلىم ئۆگىنىشكە ئىستەك ھاسىل قىلىش كېرەك.
2. دىنىي ئەسلىتىدىغان ئەزان، قۇرئان، مەسچىد، ئىمام، ھېيتقا ئوخشاش تەۋرۈكلەرنى ياشلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر قىلىش كېرەك.
3. دىنىي بىلىملەر ئاۋۋال ئاددىيلاشتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك. قولاي، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان بۆلۈملەر باشتا ئۆگىتىلىشى كېرەك.
4. دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەتراپلىق ۋە ئىزاھاتلىق بۆلۈملىرى ئەڭ ئاخىرىغا قالدۇرۇلۇپ قويۇلۇشى كېرەك.
بۇ مىتود بىلەن ئېلىپ بېرىلغان «دىنىي تەلىم ـ تەربىيە»نىڭ تەسىرچانلىقى كۈچلۈك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ.
بۇ كىتابتا يۇقىرىقى ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسلىنىپ 3.مىتودنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي دىنىي مەلۇماتلار سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە تەييارلاندى.
«يېتەكلەش ۋە ئىستەك ھاسىل قىلىش» مىتودى پۈتۈنلەي ئائىلىدىكى مەسئۇل كىشىلەرگە ئائىتتۇر.
بۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇبارەك دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئۆگەنمەكچى بولغان ھەممە كىشى بۇ ئەسەردىن بىمالال پايدىلىنالايدۇ.

بىز قىسقا ۋە يىغىنچاق قىلىپ تەييارلىغان سوئال-جاۋاپ شەكلىدىكى دىنىي تېمىلار ئاساسىي دىنىي مەلۇماتلار بىلەن بىرگە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دىنىي مەلۇماتلار ئارىسىغا قىستۇرما قىلىپ بېرىلگەن بىر-بىرىدىن گۈزەل مەنە ۋە چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قىزىقارلىق ھېكايە، نەسىر ۋە مەسەللەر» ئۆگىنىش جەريانىنى ئاسانلاشتۇرغۇسى.

پايدىلىق ۋە ئۈنۈملۈك بولۇش تىلىكى بىلەن اللە قا ئامانەت بولۇڭلار.

## ھېكايە:

## بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىش ھەققىدىكى ئەندىشىسى

بىر زامانلاردا دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر بوۋاق بار ئىكەن. بىر كۈنى اللە دىن سوراپتۇ:

- ئىلاھىم! پەرىشتىلەر ئەتە مېنى دۇنياغا ئېۋەرتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما مەن بەكمۇ كىچىك ۋە زەئىپ. بۇ ھالىتىم بىلەن ئۇ يەردە قانداقمۇ ياشىيالايمەن؟

- پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن سېنىڭ ئۈچۈن بىر پەرىشتە تاللىدىم. ئۇ سېنى دۇنيادا كۈتۈپ تۇرىدۇ ۋە سېنى ھىمايە قىلىدۇ. پەرىشتەڭ ساڭا ھەر كۈنى ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە كۈلۈمسىرەيدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن سەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلىسەن ۋە خوشال بولىسەن.

- ئۇنداقتا!!!... ئادەملەر ماڭا بىر نەرسە دېگىنىدە تىلىرىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئېيتقانلىرىنى قانداق چۈشىنەلەيمەن؟

- پەرىشتەڭ ساڭا دۇنيادا سەن چۈشىنەلەيدىغان ئەڭ گۈزەل ۋە شېرىن گەپلەرنى سۆزلەيدۇ. ساڭا گەپ قىلىشنى ئىخلاس ۋە مۇھەببەت بىلەن ئۆگىتىدۇ.

- ئۇنداقتا ئىلاھىم، مەن سىز سۆزلەشمەكچى بولسام قانداق قىلىمەن؟

- پەرىشتەڭ ساڭا قولىڭنى ئېچىپ ماڭا دۇئا قىلىشنىمۇ ئۆگىتىدۇ.

- دۇنيادا ئەسكى ئادەملەر بارلىقىنى ئاڭلىدىم مېنى كىم قوغدايدۇ؟

- پەرىشتەڭ سېنى ئۆزىنىڭ ھايات بەدىلىگىمۇ قارىماستىن ھەردائىم قوغدايدۇ.

- پەقەت مەن سىزنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمغا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

- پەرىشتەڭ ھەر دائىم ساڭا مېنىڭ ھەققىمدە گەپ قىلىپ بېرىدۇ ۋە ماڭا كېلىشنىڭ يوللىرىنى ساڭا ئۆگىتىدۇ.

دەل بۇ ۋاقىتتا جەننەتتە بىر جىمجىتلىق ھاسىل بولىدۇ ۋە دۇنيانىڭ ئاۋازلىرى جەننەتكىچە يېتىپ كېلىدۇ. بوۋاق كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاخىرقى بىر سوئالنى سورايدۇ:

- ئىلاھىم! ئەگەر ھازىر كېتىش ئالدىدا تۇرغان بولسام ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ مېنىڭ پەرىشتەمنىڭ ئىسمى نېمە؟

- پەرىشتەڭنىڭ ئىسمى مۇھىم ئەمەس، سەن ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىسەن.

## بىرىنچى باب
## كائىنات ۋە ئادەم

قەدىرلىك ياشلار:
جانابى الله ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات قىلىپ ئىنساننى ياراتتى. ھەر ئىنساننىڭ ئاۋۋال ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بار. بۇ مەسئۇلىيەتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش مەجبۇرىيىتى بار.
ئۇنداقتا مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى بىرلىكتە ئۆگىنىشكە باشلايلى:

**1. كائىنات دېگەن نېمە؟**
ئاسمان، زېمىن، دېڭىزلار، ئورمانلار، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، سەييارىلار، بىز بىلگەن ۋە بىلمىگەن پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى «كائىنات» دەپ ئاتىلىدۇ.

**2. كائىناتنى ياراتقان كىم؟**
كائىناتنى ياراتقان« الله» دۇر.

**3. الله كائىناتنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟**
ئىنسانلار كائىناتنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلانسۇن ۋە الله نىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىدراك قىلسۇن دەپ ياراتتى.

**4. كائىناتنىڭ چەك ـ چېگراسى بارمۇ؟**
كائىناتنىڭ چەك ـ چېگراسى يوق. يەنى كائىنات بىزنىڭ ئەقلىمىز ئىدراك قىلالمايدىغان دەرىجىدە پايانسىزدۇر.

**5. تۇنجى ئىنسان كىم؟**
تۇنجى ئىنسان «ھەزرىتى ئادەم» دۇر.

**6. ھەزرىتى ئادەم نىمىدىن يارىتىلدى؟**
ھەزرىتى ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلدى.

**7. ھەزرىتى ئادەمدىن كېيىن كىم يارىتىلدى؟**
ھەزرىتى ئادەمدىن كېيىن «ھەزرىتى ھاۋۋا» يارىتىلدى.

**8. ئىنسانىيەت قانداق كۆپەيدى؟**
ئىنسانىيەت ھەزرىتى ئادەم ۋە ھەزرىتى ھاۋۋادىن كۆپەيدى.

9. تۆنجى ئىنسان ۋە تۆنجى پەيغەمبەر كىم؟
تۆنجى ئىنسان ۋە تۆنجى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەمدۇر.

10. كائىناتتىكى ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات قايسى؟
كائىناتتىكى ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات «ئىنسان»دۇر.

11. جانابى الله ئىنسانىنى نىمە ئۈچۈن ياراتتى؟
ئۆزىگە بولغان قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلسۇن دەپ ياراتتى.

12. ئىنسانىنىڭ كىملەرنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بار؟
1) الله نىڭ
2) ئۆزىنىڭ
3) ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ
4) خوشنىلىرىنىڭ
5) ئەتراپىدىكىلەرنىڭ
6) ئۆزى ياشىغان جەمىيەتنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى باردۇر.

13. ئىنسان قانداق بىر مەۋجۇداتلىقتۇر؟
ئىنسان «روھ ۋە بەدەن» دىن تەركىب تاپقان بىر مەۋجۇداتلىقتۇر.

14. روھ دېگەن نىمە؟
بەدەننى جانلاندۇردىغان بىر كۈچتۇر.

15. روھنى كۆرگىلى بولامدۇ؟
روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما مەۋجۇدلىقى پەيدا قىلغان تەسىرلىرى بىلەن بىلىنىدۇ. خۇددى يانغان لامپۇچكىنىڭ ئېلېكتىرىكىگە ئوخشاش.

16. روھ بىلەن بەدەن ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟
بەدەننى جانلاندۇرغان روھتۇر. روھ بەدەندىن ئايرىلسا بەدەن تۇپراق بۇلىدۇ.

17. بەدىنىمىزمۇ ياكى روھىمىزمۇ ئۆلىدۇ؟
بەدىنىمىز ئۆلىدۇ.

18. روھ ئۆلمەمدۇ؟

روھ ئۆلمەيدۇ ئەبەدىيدۇر، الله نىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولغان روھىمىزدۇر.

**19. ئىنسان بىلەن روھ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟**
ھېچقانداق پەرق يوق، ئىنسان دېگەنلىك «روھ» دېگەنلىكتۇر.

**20. ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنىسى قايسى؟**
ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنىسى «ئەقىل» دۇر.

**21. قەلب نېمە ئىش قىلىشقا يارايدۇ؟**
ئىنسان روھىنىڭ «سۆيگۈ» ۋە «نەپرەت» كە ئوخشاش ھىسسىياتلىرىنى كونترول قىلىدۇ.

نەسىر:
«قالۇبەلا» ھادىسىسى

جانابى الله دۇنيانى ۋە ئىچىدىكى جانلىق - جانسىز مەۋجۇداتلارنى ياراتماستىن بۇرۇن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ روھىنى ياراتقان. بۇلارنى «روھلار دۇنياسى» دىيىلىدىغان بىر ئالەمدە بىر يەرگە توپلىغان. ئاندىن كېيىن ھەممىسىنى بىرلىكتە ھوزۇرىغا چاقىرىپ ئۇلارغا خىتابەن:
- مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟- دەپ سورىغان. روھلار بولسا:
- ھەئە، سىز بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز- دەپ جاۋاپ بەرگەن، - پەقەت سىزگىلا ئىبادەت قىلىمىز، سىزدىنلا ياردەم تىلەيمىز. - دېگەن.
مانا بۇ دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن دەۋرگە «قالۇبەلا» دىيىلىدۇ. جانابى الله كېيىن ئىنسان روھىنىڭ بۇ ۋەدىسىگە قانچىلىك سەممىي ۋە سادىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارلاش ئۈچۈن بۇ دۇنيانى بىر «ئىمتىھان ماكانى» قىلىپ ياراتقان.
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ھەر بىر روھنى بىر بەدەنگە جايلاشتۇرۇپ ئۇلارنى بەلگىلىك مۇددەت ۋە زامان ئىچىدە بۇ ئىمتىھان مەيدانىغا ئېۋەرتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ئالدىغا ئىككى يول ئېچىلغان:
كىشى يا ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى ياخشى ئىشلىتىپ «قالۇبەلا» دىكىگە ئوخشاش الله نى پەرۋەردىگار دەپ تونۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
ياكى بولمىسا ئىرادىسىنى ۋە ئەقلىنى خاتا ئىشلىتىپ پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلىدۇ، شەيتاننىڭ يولىغا كىرىپ كېتىدۇ.
جانابى الله غا چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇنكى، بىز مۇسۇلمانلار «قالۇبەلا» دەۋرىدە الله غا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرغان كىشىلەردىن ھىسابلىنىمىز. ئاخىرقى نەپىسىمىزگىچە بۇ ئەھدىمىزدە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

ھېكايە:
ئۆلگە قىلىش

بىرسى دانىشمەنگە سوراپتۇ:
- كىمنى ئۆلگە قىلىش كېرەك؟
دانىشمەن:
- ئەڭ ياخشى ئۆلگە باللاردۇر.
دانىشمەننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار:
- بىراق باللار ھېچقانداق نەرسە بىلمەيدۇ، ھەقىقەتنى ۋە توغرىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.- دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. دانىشمەن شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:
- خاتالاشتىڭلار، باللاردا ھەرگىزمۇ ئۇنتۇشقا بولمايدىغان ئۈچ ئالاھىدىلىك بار بىرىنچىسى: ھېچقانداق سەۋەب بولماستىن ھەر دائىم بەختىيار، خوشال يۈرىدۇ. ئىككىنچىسى: ھەر ۋاقىت بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۈچىنچىسى: بىر نەرسە تەلەپ قىلغىنىدا ئۇنى بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ ۋە يىغلاپ كۈچى بىلەن قولغا كەلتۈرگىچىلىك مۇجادىلە قىلىدۇ.

## بىر قىسىم دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ مەنىلىرى

قەدىرلىك ياشلار:
ئەمىلىي قىلىپ سىلەرگە بەرمەكچى بولغان مەلۇماتلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلىشىڭلار ئۈچۈن جۈملە ئىچىدە تىلغا ئېلىنىغان بەزى دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى بىلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ.
بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنگىنىڭلاردا ئالدىمىزدىكى بابلاردا ئوقۇيدىغان دىنىي بىلىملەرنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنەلەيسىلەر.
1. ئەقىدە دېگەن نېمە؟
ئېتىقاد دېگەنلىكتۇر.

2. ئامەنتۇ دېگەن نېمە؟
ئىماننىڭ ئاساسلىرى دېگەنلىكتۇر.

3. ئايەت دېگەن نېمە؟
قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى ھاسىل قىلغان مۇستەقىل جۈملىلەرگە بېرىلگەن نامدۇر.

4. ئاخىرەت دېگەن نېمە؟
قىيامەت يۈز بەرگەندىن كېيىن باشلىنىدىغان ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان جەننەت ۋە جەھەننەم (دوزاخ) ھاياتىدۇر.

5. ئەزرائىل دېگەن نېمە؟
ﷲ نىڭ بۇيرىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ روھلىرىنى ئالىدىغان ئۆلۈم پەرىشتىسىدۇر.

6. ئەخلاق دېگەن نېمە؟
بىر كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىلىشىغا سەۋەبچى بولغان پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدۇر.

7. بەيتۇللاھ دېگەن نېمە؟
مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان «قىبلە» نىڭ يەنە بىر نامىدۇر.

8. باتىل ئېتىقاد دېگەن نېمە؟
الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىيگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرما قىلىپ توقۇپ چىقىلغان خاتا ئېتىقادلاردۇر.

9. جەھەننەم (دوزاخ) دېگەن نېمە؟
ئاخىرەتتە گۇناھكار كىشىلەر ئازاب تارتىدىغان جازا ماكانىدۇر.

10. جامائەت دېگەن نېمە؟
مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشلىرىغا ۋە بىرلىكتە ناماز ئوقۇشلىرىغا «جامائەت» دېيىلىدۇ.

11. جائىز دېگەن نېمە؟
دىنىي جەھەتتە مەنئىي قىلىنمىغان ئىش-ھەرىكەتتۇر.

12. دىنسىز دەپ كىمگە دېيىلىدۇ؟
ھېچقانداق دىننى قوبۇل قىلمىغان كىشىگە دىنسىز دېيىلىدۇ.

13. دۇئا دېگەن نېمە؟
بەندىنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇسىنى ئويغۇن بىر يالۋۇرۇش ئۇسلۇبى بىلەن الله غا ئىلتىجا قىلىشىدۇر.

14. ئەزان دېگەن نېمە؟
بىر كۈندە 5 ۋاقىت ئېيتىلىپ ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىلاھىي بىر چاقىرىقتۇر.

15. ئەسمائۇل ھۇسنا دېگەن نېمە؟
جانابى الله نىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 99 ئىسمىغا بېرىلگەن نامدۇر. گۈزەل ئىسملار دېگەن مەنىدىدۇر.

**16. ئەجەل دېگەن نېمە؟**
الله بەلگىلىگەن ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتىغا بېرىلگەن نامدۇر.

**17. ئەجىر دېگەن نېمە؟**
بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەرگە الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنىۋى مۇكاپاتتۇر.

**18. ئەبەدىي ۋە ئەزەلىي دېگەن نېمە؟**
ئەبەدىي: خاتىمىسى بولمىغان، ئەزەلىي: باشلانغۇچى بولمىغان دېگەنلىكتۇر.

**19. «پانىي ھايات» دېگەن نېمە؟**
ئۆتكۈنچى ھايات دېگەنلىك بولۇپ، قۇرئاننىڭ قارىشىچە: «الله دىن باشقا ھەممە نەرسە يوقىلىپ كېتىدۇ.»

**20. پاسىق دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان ئىسيانكار دېگەنلىكتۇر.

**21. پەتىۋا دېگەن نېمە؟**
سورالغان ئىسلامىي بىر سۇئالغا ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن جاۋابتۇر.

**22. «ھەدىس» دېگەن نېمە؟**
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ساھاسىگە «ھەدىس» دېيىلىدۇ.

**23. «ھەمدۇ-سانا» دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلىرىگە بەندىنىڭ تەشەككۈر بىلدۈرىشىدۇر.

**24. ھارام دېگەن نېمە؟**
دىنىمىزدە قەتئىي چەكلەنگەن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھۆكمىدۇر.

**25. ھالال دېگەن نېمە؟**
الله تەرىپىدىن روخسەت قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر.

**26. خەتمە قۇرئان دېگەن نېمە؟**
قۇرئان كەرىمنى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.

**27. هايا دېگەن نېمە؟**
ئەخلاقسىز ۋە ئەيىپ ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئالدىدا خىجىل بولۇش دېگەنلىكتۇر.

**28. خەير ـ ساخاۋەت دېگەنلىك نېمە؟**
ھېچقانداق مەنپەئەت تەلەپ قىلماستىن پەقەت الله رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان پايدىلىق ئىشلار دېگەنلىكتۇر.

**29. هاپىز دېگەن نېمە؟**
قۇرئان كەرىمنى باشتىن ئاخىرغىچە ياد ئېلىپ چىققان كىشى دېگەنلىكتۇر.

**30. خۇراپات دېگەن نېمە؟**
دىنغا، بىلىمغا، ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە ھېچقانداق ئاساسىي بولمىغان باتىل ئېتىقادلار دېگەنلىكتۇر.

**31. ئىبادەت دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرۈش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

**32. ئىلاھىي قۇدرەت دېگەن نېمە؟**
ئۇلۇغ الله نىڭ كۈچى ۋە قۇدرىتى دېگەنلىكتۇر.

**33. ئېتىقاد دېگەن نېمە؟**
ئىشىنىش، چىن كۆڭلىدىن تەستىق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

**34. ئېتىقادىي مەسىلىلەر قايسىلار؟**
ئېتىقادىي مەسىلىلەر دېگەندە «ئىمان ئاساسلىرى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**35. ئىلاھىي قانۇن دېگەن نېمە؟**
ئۇلۇغ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە كىتابلىرى ۋاستىسى بىلەن بەندىلىرىنى ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدۇر.

**36. ئىمام دېگەن نېمە؟**
جامەلەردە، مەچىتلەردە ۋە ياكى باشقا يەرلەردە جامائەتكە باشلامچى بولۇپ ناماز ئوقۇدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

**37. ئىستىغفار دېگەن نېمە؟**
كىشىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن الله دىن كەچۈرۈم سورىشىدۇر. ئەستەغفىرۇللاھ دېگەنلىكتۇر.

**38. كاپىر دەپ كىمگە دېيىلىدۇ؟**
الله غا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرگە دېيىلىدۇ.

**39. كەبە نەدە؟**
كەبە سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھرىدە مەسجىدىي ھەرامنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، تاشتىن ياسالغان تۆت بۇلۇڭلۇق بىر بىنادۇر.

**40. كەبە بىزگە نېمىنى ئەسلىتىدۇ؟**
كەبە بىزگە قىبلىنى ئەسلىتىدۇ.

**41. قىبلە دېگەن نېمە؟**
نامازغا باشلىغان ۋاقتىمىزدا يۈزىمىزنى قارىتىدىغان، مەككىدىكى كەبىنىڭ جايلاشقان تەرىپىگە قىبلە دېيىلىدۇ.

**42. قەبرە دېگەن نېمە؟**
ئۆلگەن كىشىنىڭ تۇپراققا كۆمۈلگەن يېرىدۇر.

**43. قۇرئان كەرىم دېگەن نېمە؟**
يېگانە ۋە ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر.

**44. قىيامەت دېگەن نېمە؟**
ئۇلۇغ الله ئالدىن بەلگىلىگەن مۇددەت كەلگەندە كائىنات سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇپ چۆكىشى بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ خاتىمە بولىشى دېگەنلىك بولىدۇ.

**45. «كىرامەن كاتىبىين» دېگەن نېمە؟**
ھەر كىشىنىڭ قىلغان پۈتۈن ياخشى، يامان ئىشلىرىنى خاتىرلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر دېگەنلىكتۇر.

**46. قۇربانلىق دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىبادەت نىيىتى بىلەن بوغۇزلانغان قوي، ئۆشكە، تۆگە ۋە كالا تۈركىمىدىكى ھايۋان دېگەنلىكتۇر.

47. مۇقابىلە دېگەن نېمە؟
رامىزاندا ھاپىزلارنىڭ جامائەتنىڭ ھوزۇرىدا بىر ئاي بويىچە قۇرئان ئوقۇشى دېگەنلىكتۇر.

48. مۇئەززىن دەپ كىمگە دېيىلىدۇ؟
ناماز ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئەزان ئېيتىدىغان ۋە نامازلاردا قامەت ئوقۇيدىغان كىشى مۇئەززىن دېيىلىدۇ.

49. مۇناپىق كىمگە دېيىلىدۇ؟
قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىشەنمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن ئىشەنگەندەك كۆرۈنگەن ساختىپەز كىشىلەرگە مۇناپىق دېيىلىدۇ.

50. پەرىشتە دېگەن كىم؟
الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نۇردىن يارىتىلغان مەۋجۇداتلاردۇر.

51. مىزان دېگەن نېمە؟
مەھشەردە ھەممە كىشىگە ھېساب سورالغاندىن كېيىن ساۋاب ۋە گۇناھلىرىنى تارتىلغان ئىلاھىي ئادالەت تارازىسىدۇر.

52. مەزھەپ دېگەن نېمە؟
ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن بۈيۈك ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن يول دېگەنلىكتۇر.

53. نەبى ياكى رەسۇل دېگەن نېمە؟
الله دىن ۋەھيى ئارقىلىق ئالغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمەلەرنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل پەيغەمبەرلەردۇر.

54. رەب دېگەن كىم؟
جانابى الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. تەربىيىلىگۈچى دېگەن مەنىدىدۇر.

55. «راھمان» ۋە «راھىيم» نېمە مەنىدە؟
الله نىڭ بەندىلىرىگە مېھرىۋان ۋە شەپقەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

56. ساۋاپ دېگەن نېمە؟

پايدىلىق ۋە توغرا بىر ئىش ـ ھەرىكەتكە الله تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپات دېگەنلىكتۇر.

**57. سۈرە دېگەن نېمە؟**
قۇرئاندا ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان بابلارغا سۈرە دېيىلىدۇ. بىر ـ بىرىدىن بىسمىللاھ بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ بابلار 114 دانىدۇر.

**58. سۈننەت دېگەن نېمە؟**
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە مۇسۇلمانلاردىنمۇ تەلەپ قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر دېگەنلىكتۇر.

**59. شېرىك دېگەن نېمە؟**
الله غا باشقا بىر مەخلۇقاتنى ئورتاق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

**60. شەرىئەت دېگەن نېمە؟**
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله دىن ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىدۇر.

**61. تەقۋا دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ نەزىرىدە ئىنسانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدۇر. (كىشىنىڭ گۇناھلاردىن ۋە شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشى، يىراق تۇرىشىدۇر.)

**62. تەۋبە دېگەن نېمە؟**
كىشىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىدىن پۇشايمان بولۇپ الله غا يۈزلىنىشى، ئەپۇ سورىشى ۋە گۇناھلىرىنى تەرك قىلىشىدۇر.

**63. تەۋەككۇل دېگەن نېمە؟**
كىشى قىلماقچى بولغان ئىشتا ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى الله غا تاپشۇرىشىدۇر.

**64. تەۋھىد دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ مەۋجۇد ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىشتۇر.

**65. ۋەھيى دېگەن نېمە؟**
الله نىڭ ئۆزى خالىغان ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەرلىرىگە ئۆزىگە خاس ۋاستىلار بىلەن ۋە جىبرىيىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىلدۈرىشىگە ۋەھيى دېيىلىدۇ.

## مەسەل:

## ئەزرائىل بىلەن دوستى

بىر ئادەم بىر ۋەسىلە بىلەن ئەزرائىل بىلەن تونۇشۇپتۇ ۋە دوست بوپتۇ.

- بىلىمەن، سىنىڭ قولىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەمما مېنىڭ سىنىڭدىن بىر تەلىپىم بار. كېلىدىغان ۋاقتىڭدا ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويغان بولساڭ، ھېچ بولمىسا تەييارلىق قىلىۋالغان بولاتتىم ۋە بەزى ئىشلىرىمنى تۈگىتىۋالغان بولاتتىم.- دەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەزرائىل بۇ دوستىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا كەپتۇ. دوستى:

- ماڭا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ، نېمىشقا خەۋەر قىلماستىن تۇرۇپ كەلدىڭ؟- دەپتۇ.

ئەزرائىل بولسا:

- مەن ساڭا خەۋەر قىلدىم ئەمما سەن چۈشەنمىدىڭ. ئاۋۋال چېچىڭ، ساقىلىڭ ئاقاردى، كېيىن تىزلىرىڭدا دەرمان قالمىدى، قوللىرىڭ تىترەشكە باشلىدى، پۈتۈن بۇلار ئۆلۈمنىڭ بىردەر خەۋەرچىسىدۇر.

## ھېكايە:

## كىم كەمبەغەل؟

بىر كۈنى بىر باي ئائىلىسىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ سەپىرىنىڭ بىرلا مەقسىدى بار بۇلۇپ ئۇ بولسىمۇ يېزىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ قانچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى بالىلىرىغا كۆرسەتمەكچى ئىكەن. تۇققىنى بولغان بىر كەمبەغەل ئائىلىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپتۇ. سەپەردىن قايتقىنىدا باي ئوغلىدىن سوراپتۇ:

- ئادەملەرنىڭ قانچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟
- ھەئە دادا كۆردۈم.- دەپتۇ ئوغلى. باي سۇئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:
- ئۇنداقتا نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

ئوغلى جاۋاب بېرىپتۇ:

- شۇنى كۆردۈم دادا، بىزنىڭ ئۆيدە بىر دانە ئىتىمىز بار، ئۇلارنىڭ بولسا تۆت دانە. بىزنىڭ ھويلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىمىز بار، ئۇلارنىڭ بولسا بىپايان دەريالىرى. بىزنىڭ باغچىمىزدا ئىمپورت قىلىنغان چىراقلار بار، ئۇلارنىڭ بولسا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلىرى. بىزنىڭ باغچىمىزدا ئون بەش تال دەرىخىمىز بار، ئۇلارنىڭ بولسا يوغان ئورمانلىرى. بىزنىڭ ئۆيدىن پەقەت باغچىمىز ۋە كوچىمىز كۆرىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بولسا تاغلىرى، تۆپىلىكلىرى ۋە پۈتۈن كۆك ئاسمان كۆرىنىدۇ.

ئوغلى سۆزىنى تۈگەتكىنىدە دادىسى دەيدىغان گەپ تاپالماي قاپتۇ. ئوغلى قوشۇمچە قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

- دادا! قانچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئىككىنچى باب
## دىن ۋە ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:
ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشقا ئېھتىياجى بولغىنىدەك روھىنىڭمۇ مەنىۋى ئوزۇققا ئېھتىياجى باردۇر. بۇ ئەھۋال ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرىدىن ھاسىل بولغان بىر ئېھتىياجدۇر. بۇ ئېھتىياجنى يوقىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر كىشى ھەق بولغان دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئىزدىنىپ ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە.

**1. دىن دېگەن نېمە؟**
الله تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسى دىن دەپ ئاتىلىدۇ.

**2. دىنىنىڭ مەقسىتى نېمە؟**
ئىنسانلارغا ياخشى بىلەن يامانىنى، توغرا بىلەن خاتانى، گۈزەل بىلەن سەتنى، ھالال بىلەن ھارامنى بىلدۈرىشتۇر.

**3. دىن ئېھتىياجمۇ؟**
مەنىۋى ئوزۇققا ئىگىنىش تۇغۇلۇشتىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان بىر تۇيغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن دىن زۆرۈرىي ئېھتىياجدۇر.

**4. دىن تۈرلەرگە بۆلىنەمدۇ؟**
ھەق بولغان دىنىنىڭ تۈرلىرى بولمايدۇ. ھەق دىن بىردۇر. بىراق ئەمىلىيەلەشتۈرۈشتە 3 خىل دىن بار:
1) ھەق دىن (يېگانە ۋە ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام دىنى).
2) بۇزۇلغان دىنلار (خىرىستىيانلىق ۋە يەھۇدىيلىق).
3) باتىل دىنلار (ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۇيدۇرۇلغان دىنلار، سانلىرى مەلۇم ئەمەس).

**5. بىزنىڭ دىنىمىز قايسى دىن؟**
بىزنىڭ دىنىمىز دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ھەق دىن بولغان «ئىسلام دىنى» دۇر.

**6. ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى نېمە؟**
پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

**7. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟**
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدۇ.

8. مۇسۇلمان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟
الله غا تەسلىم بولغۇچى دېگەن مەنىدىدۇر.

9. مۇسۇلمان بۇلۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟
مۇسۇلمان بۇلۇش ئۈچۈن الله غا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە قۇرئان كەرىمگە ئىشىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كەلىمە شاھادەتنى ۋە كەلىمە تەۋھىيدنى تىل بىلەن سۆزلەپ، چىن قەلبىدىن ئىشىنىش كېرەك.

10. بۇ ئىشىنىش قايسى جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟
كەلىمە تەۋھىيد بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

11. كەلىمە تەۋھىيد دېگەن نېمە؟
لااله الاالله محمدرسول الله

12. كەلىمە تەۋھىيدنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى نېمە؟
الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

13. كەلىمە شاھادەت دېگەن نېمە؟
اشهد ان لااله الاالله و اشهد ان محمد عبده و رسوله

14. كەلىمە شاھادەتنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى نېمە؟
گۇۋاھلىق بېرىمەنكى الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە يەنە گۇراھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر.

15. كەلىمە شاھادەت بىلەن كەلىمە تەۋھىيد ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟
ئاساسي جەھەتتە ھەر ئىككىسى ئوخشاش. كەلىمە تەۋھىيددە بىۋاستە ئىشىنىش بار. كەلىمە شاھادەتتە بولسا ئىشىنىش بىلەن بىرگە گۇۋاھلىق بېرىش بار.

16. ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگەن كىشى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
مۆمىن دەپ ئاتىلىدۇ.

17. مۆمىن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟
ئىشەنگەن كىشى دېگەنلىكتۇر.

**18.** ئىمان دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جانابى ﷲ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملىرىنىڭ توغرىلىقىغا قەلب بىلەن ئىشىنىپ، تىل بىلەن ئېيتىشقا ئىمان دېيىلىدۇ.

**19.** غايىپقا ئىمان دېگەن نېمە؟
كۆرمەستىن تۇرۇپ ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. يەنى ﷲ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزگە ئېۋەرتىلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ توغلىرىقىغا كۆرمەستىن تۇرۇپ ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

**20.** ئىمان كەلتۈرۈشتە چوقۇم كۆرىشىمىز شەرتمۇ؟
ئىماننىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى كۆرمەستىن تۇرۇپ ئىشىنىشتۇر. كۆرگەندىن كېيىن ئىشەنگەن كىشى ﷲ غا، پەيغەمبىرىمىزگە ئەمەس كۆزلىرىگە ئىشەنگەن بولىدۇ.

**21.** ئىمان ئېيتىشتا كۆزدە تۇتۇلغان بىرىنچى ئالاھىيدىلىك قايسى؟
بىز ئېتىقاد قىلغان ھەقىيقەتلەرگە چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىشىمىز كېرەك.

**22.** ئەمەل قىلغان كىشى دېگەن نېمە؟
ئۆزىنىڭ ئىشەنگەنلىكلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ئەمەل قىلغان، بىجا كەلتۈرگەن كىشى دېگەنلىكتۇر.

**23.** قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئىمان قايسى؟
ئىشەنگەن ھەقىيقەتلەرنى بىر- بىرلەپ بىجا كەلتۈرۈش، قىسقىسى ئىمانى بىلەن ئەمەل قىلىشتۇر.

## ھېكايە:
## جەننەت ئىزدەش

بىر كۈنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
- ﷲ غا شۈكرى، بۇ دۇنيادا سارايلاردا راھەت- پاراغەتتە ياشاۋاتىمىز. پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ئاخىرەتتىمۇ مۇشۇنداق ھەتتا تېخىمۇ ياخشى شارائىتلاردا ياشاشنى نېسىپ قىلار- ھە؟!
ھارۇن رەشىد:
- ﷲ خالىسا جەننەت بىزگىمۇ نېسىپ بولار. ئاخىرەت سائادىتىنى كىممۇ خالىمايدۇ دېيسەن.. - دەپتۇ.

هارۇن رەشيد ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققىنىدا بەھلۇل دانانىڭ يەر قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئازراق چاقچاق قىلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلماقچى بولۇپ:

- بەھلۇل يەنە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ - دەپتۇ.

بەھلۇل دانا:

- جەننەت ئىزدەۋاتىمەن. - دەپتۇ.

ھارۇن رەشيد:

- نېمە دەۋاتىسەن بەھلۇل! بۇ يەردىن جەننەتنى قانداقمۇ ئىزدىگىلى بولسۇن؟

بەھلۇل دانا دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

- سەن ئىسسىق كارۋىتىڭدا، ئايالىڭنىڭ يېنىدا جەننەت ئىزدىسەڭ بۇلىدىكەن، مەن بۇ يەردىن ئىزدىسەم نېمىشقا بولمايدۇ؟!

## ئىماننىڭ شەرتلىرى

**قەدىرلىك ياشلار:**

دىنىي تەلىم-تەربىيەدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىتىلىشى كېرەك بولغان مەلۇماتلارنىڭ بېشىدا ئىمان ئاساسلىرى كېلىدۇ. چۈنكى ئاخىرەت دۇنياسىدا جانابى الله بىزنى ئىمانىمىز ۋە ئەمەلىمىزگە قاراپ سوتقا تارتىدۇ. بۇ سەۋەبدىن ئىماننىڭ شەرتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىشىمىز كېرەك.

1. ئىماننىڭ شەرتلىرى قانچە؟

ئىماننىڭ شەرتلىرى ئالتىدۇر:

1) الله غا ئىشىنىش.

2) الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش.

3) الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش.

4) الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش.

5) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىش).

6) تەقدىرگە (قازا ۋە قەدەرگە) ئىشىنىش. ياخشى ۋە ياماننىڭ (مەنپەئەت ۋە زىياننىڭ) الله دىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

### ھېكايە:

### بالدۇر مېۋە بەرگەن دەرەخ

بىر پادىشاھ كوچەت تىكىۋاتقان ياشانغان بىر بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سوراپتۇ:

- بوۋا بۇ كۆچەت ئۆسۈپ مېۋە بەرگۈچىلىك سەن ئۆلۈپ كېتىسەن.

- بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز تىكتى، بىز يەدۇق. بىزمۇ تىكىمىز، بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز يەيدۇ.

بۇ جاۋابتىن پادىشاھ بەكمۇ مەمنۇن بولۇپتۇ ۋە ئۇ بوۋايغا مىڭ دىنار بېرىپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ سەۋەبىنى سوراپتۇ:

ـ نېمىشقا كۈلىسەن؟

ـ كۆرمىدىڭمۇ، بۇ كۆچەت مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

پادىشاھ بۇ سۆزدىنمۇ مەمنۇن بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مىڭ دىنار بېرىپتۇ. بوۋاي يەنە كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ تەكرار سوراپتۇ:

ـ يەنە نېمىشقا كۈلىسەن؟

بوۋاي جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـ مېۋىلىك دەرەخلەر ئادەتتە يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدۇ. ھالبۇكى مەن تىككەن بۇ دەرەخ ئىككى قېتىم بەردى.

بۇ سۆزدىنمۇ مەمنۇن بولغان پادىشاھ بوۋايغا يەنە مىڭ دىنار بېرىپتۇ.

## الله قا ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:

جانابى الله نىڭ ئالدىدىكى تۇنجى ۋەزىپىمىز الله نىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىشتۇر. الله غا ئىشىنىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى بىلىشىمىز شەرتتۇر.

بالاغەتكە يەتكەن بىر ياشنىڭ الله نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

جانابى الله كائىناتتا ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات قىلىپ ئادەمنى ياراتقان. بۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە خاس بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ تەجەللىسىنى ئادەمگە بەرگەن. ئادەملەردىكى بۇ سۈپەتلەر ئوخشايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ الله نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئاددىي ۋە ئاجىزدۇر.

تۆۋەندە الله نىڭ سۈپەتلىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىشكە باشلايلى:

1. ئىماننىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرىنچىسى قايسى؟

الله نىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

2. الله غا ئىمان قانداق كەلتۈرۈلىدۇ؟

الله نىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىمان كەلتۈرۈلىدۇ.

3. الله نىڭ سۈپەتلىرى قانچىگە بۆلىنىدۇ؟

الله نىڭ سۈپەتلىرى ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

1) زاتى سۈپەتلىرى: الله نىڭ پەقەت ئۆزىگە خاس سۈپەتلىرىدۇر، ئىنسانلاردا يوقتۇر.

2) سۇبۇتى سۈپەتلىرى: الله نىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي سۈپەتلىرىدۇر، بىر قىسمى ئاز بولسىمۇ ئىنسانلارغا تەجەللىي قىلىنغان.

**4. الله نىڭ زاتى سۈپەتلىرى قانچىگە ئايرىلىدۇ؟**

الله نىڭ زاتى سۈپەتلىرى ئالتىگە ئايرىلىدۇ:

1) ۋۇجۇت: الله نىڭ ھەر يەردە مەۋجۇت بۇلشى.
2) قەدىم: الله نىڭ بارلىقىنىڭ باشلانغۇچىنىڭ يوقلىقى.
3) بەقا: الله نىڭ بارلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ يوقلىقى.
4) ۋاھدانىيەت: الله نىڭ بىر ئىكەنلىكى.
5) مۇخالىفەتۇن لىلھاۋادىس: الله نىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى.
6) قىيام بىنەفسىھى: الله نىڭ ھېچقانداق كۈچكە، نەرسىگە مۇھتاج ئەمەسلىكى.

**5. الله نىڭ سۇبۇتى سۈپەتلىرى قانچىگە ئايرىلىدۇ؟**

الله نىڭ سۇبۇتى سۈپەتلىرى سەككىزگە ئايرىلىدۇ:

1) ھايات: الله نىڭ ھەر ۋاقىت تىرىكلىكى.
2) ئىلىم: الله نىڭ ھەر شەيئىنى بىلىدىغانلىقى.
3) سەمى: الله نىڭ ھەر نەرسىنى ئاڭلايدىغانلىقى.
4) بەسىر: الله نىڭ ھەر نەرسىنى كۆرىدىغانلىقى.
5) ئىرادە: الله نىڭ ئۆزى خالىغان ھەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغانلىقى.
6) قۇدرەت: الله نىڭ ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغانلىقى.
7) كەلام: الله نىڭ سۆزلىشى (كىتابلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ۋاستىسى بىلەن).
8) تەكۋىن: ھەر نەرسىنى الله نىڭ يارىتىدىغانلىقى.

**6. الله غا ئەڭ گۈزەل ئىمان قانداق ئېيتىلىدۇ؟**

الله نى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىش الله تەرپىدىن ئەڭ قوبۇل قىلىنغان ئىماندۇر.

## ھېكايە:

### الله نىڭ دەرتكە دەرمان بۇلشى ئۈچۈن...

بىر ئادەم ئادىتى بويىچە چاچ ۋە ساقىلىنى ياستىش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كەپتۇ. ساتىراش بىلەن چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتقاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا سۆز كېلىپ الله نىڭ بارلىقى ھەققىدىكى تېمىغا كېلىپ توختاپتۇ. ساتىراش:

ـ ماڭا قارا دوستۇم، مەن ساڭا ئوخشاش الله نىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

ئادەم:

ـ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن؟

ساتىراش:

- بۇنى بىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىڭ كېرەك. قاراپ باق، ئەگەر الله بار بولسا بۇنچىلىغان كۆپ كېسەل كىشىلەر بولارمىدى؟ تاشلىۋېتىلگەن باللار بولارمىدى؟ الله بار بولسا بۇنچىلىغان ئازاب تارتقان كىشى بولارمىدى؟ ئەگەر الله ھەقىقەتەن بار بولسا بۇلارغا قاراپ تۇرىدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...

ئادەم بىر دەم جىممىدە تۇردى ۋە ئويلاندى. ئەمما پايدىسىز مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن جاۋاب بەرمىدى. ساتىراش ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن خوشلىشىپ سىرتقا چىقتى. دەل ئۇ ۋاقىتتا كوچىدا ئۇزۇن چاچلىق، ساقاللىق بىر ئادەمنى كۆردى. ئادەمنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى شۇنچىلىك ئۆسۈپ، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى چاچ ـ ساقىلىنى چۈشۈرمىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم ساتىراش دۇكىنىغا يېنىپ كىردى:

- مېنىڭچە ساتىراش دېگەن بىرسى يوق.

ساتىراش:

- بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مەن بۇ يەردە كۆرمىدىڭمۇ؟

ئادەم:

- ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭچە يوق. ئەگەر ساتىراش بولغان بولسا كوچىدىكى ئۇزۇن چاچلىق ۋە ساقاللىق ئادەملەر بولمىغان بولاتتى.

ساتىراش:

- ساتىراش دېگەن بىرسى بار ئەمما ئۇ ئادەملەر ماڭا كەلمىسە مەن نېمە قىلالايتتىم؟

كىشى:

- ھەقىقەتەن توغرا جاۋاپ بەردىڭ! پۈتۈن مەسىلە دەل بۇ يەردە. الله ئەلۋەتتە بار ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا يۈزلەنمىسە دەرتلىرىگە دەرمان بۇلامدۇ؟!

## پەرىشتىلەرگە ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:

جانابى الله مەخلۇقاتلارنى ھەرخىل شەكىللەردە ياراتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ، بەزىلىرى بولسا مەسىلەن: پەرىشتىلەرگە ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. خۇددى ھاۋانى، شامالنى كۆرمىسەكمۇ بارلىقىغا ئىشەنگىنىمىزدەك پەرىشتىلەرگىمۇ شۇنداق ئىشىنىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. پەرىشتىلەر قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان روھىي مەخلۇقاتلاردۇر، داۋاملىق الله نى زىكرى قىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ.

**1.** پەرىشتىلەر نىمىدىن يارىتىلغان؟

پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان.

**2.** پەرىشتىلەرنىڭ سانلىرى قانچىلىك؟

پەرىشتىلەرنىڭ سانلىرىنى جانابى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

3. پەرىشتىلەر قانداق مەخلۇقاتلاردۇر؟
پەرىشتىلەر يېمەك-ئىچمەككە ئېھتىياجى يوق، ئەركەك ۋە چىشى دەپ جىنسى ئايرىلمايدىغان مەخلۇقاتلاردۇر.

4. پەرىشتىلەرنىڭ قانداق ۋەزىپىلىرى بار؟
پەرىشتىلەرنىڭ ھەر بىرسىنىڭ الله تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم بېرىلگەن نۇرغۇنلىغان ۋەزىپىلىرى بار.

5. مەخسۇس ۋەزىپە بېرىلگەن پەرىشتىلەر بارمۇ؟
مەخسۇس ۋەزىپە بېرىلگەن تۆت چوڭ پەرىشتە بار:
1) جىبرىئىل: پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ۋەزىپىسى الله بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلىشتۇر.
2) مىكائىل: تەبىئەت ھادىسىلىرىگە مەسئۇل (يامغۇر، شامال ۋەھاكازالار).
3) ئىسرافىل: قىيامەت ۋاقتى كەلگەندە سۇر دەپ ئاتالغان كانايىنى چېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچىدۇر.
4) ئەزرائىل: ھاياتى ئاخىرلاشقان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئېلىشى ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئۆلۈم پەرىشتىسىدۇر.

6. بۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى بولغان پەرىشتىلەر بارمۇ؟
مەخسۇس ۋەزىپىسى بولغان باشقا پەرىشتىلەر قىسقىچە يىغىنچاقلىساق تۆۋەندىكىلەردۇر:
1) كىرامەن كاتىبىن: ئىنسانلارنىڭ ساۋاب ۋە گۇناھلىرىنى يېزىپ خاترىلەش ۋەزىپىسى بولغان پەرىشتىلەردۇر.
2) ھامەلەئى ئارش: ئەرش (الله نىڭ كۈرسى) نى توشۇيدىغان پەرىشتىلەر.
3) مۇنكەر ۋە نەكىر: قەبىردە سۇئال-سوراق سوراش ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىككى پەرىشتىدۇر.
4) رىزۋان: جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى.
5) مالىك: دوزاختىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى.

7. جىنلارمۇ پەرىشتىلەردىن ھېسابلىنامدۇ؟
جىنلار پەرىشتە ئەمەس. (جىنلار ئوتتىن، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغاندۇر).

8. جىنلار بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟
جىنلار بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدا ئورتاق ئالاھىدىلىك بولغىنىدەك پەرقلەرمۇ كۆپ.

**9. بۇ پەرقلەر قايسلار؟**
پەرىشتىلەر يىمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، جىنلار يەيدۇ، ئىچىدۇ.
جىنلاردا ئەركەك، چىشى بار، پەرىشتىلەردە جىنسىيەت يوق.
جىنلارنىڭ ياخشى، يامىنى بار، پەرىشتىلەرنىڭ يوق.
جىنلار ئادەم ۋە هايۋان شەكلىگە ئۆزگىرەلەيدۇ، پەرىشتىلەر ئۆزگىرەمەيدۇ.
جىنلار بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىگى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماسلىقىدۇر.

**10. جىن بىلەن شەيتان ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىق بارمۇ؟**
بار. جىنلارمۇ، شەيتانلارمۇ ئوتتىن يارىتىلغاندۇر.

**11. شەيتان قانداق بىر مەخلۇقتۇر؟**
شەيتان كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، ئادەملەرنى ئازدۇرىدىغان، ناچار، ئەسكى ۋە يامان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان ئىپلاس بىر مەخلۇقتۇر.

**هېكايە:**
**هۆر قىز**
چاناق قەلئە جېڭىدە ساددا ۋە ئاقكۆڭۈل بىر ئەسكەر، قوماندانى تەرىپىدىن يېنىغا خاس ئەسكەر قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. ئەسكەرنىڭ كۆڭلى قوماندانىنىڭ يېنىدا خاس ئەسكەر بولۇشقا رازى بولمىسىمۇ ئەمما ئارمىيە نىزامىغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.
جەڭ شىددەت بىلەن داۋاملىشىۋاتقىنىدا ئەسكەر ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ ۋە قوماندانىغا:
- قوماندانىم، بىزنىڭ يېزىدىكى ئىمامدىن ئاڭلىغان ئىدىم. الله دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولغانلارغا هۆر قىز بېرىدىكەن. روخسەت قىلسىڭىز، مەنمۇ ئۇرۇش قىلىپ الله ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن شېھىد بولاي ۋە هۆر قىز ئالاي. — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.
قوماندان ئەسكەرنىڭ ئېيتقان سۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
- ئارقاڭغا قايتىپ مېنىڭ ساقا بەرگەن ۋەزىپەڭنى ئىجرا قىلغىن. — دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.
ئەسكەر بىر قانچە كۈندىن كېيىن يەنە قوماندانىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. يەنە ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. ئالدىنقى سەپتە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. قوماندان ئەسكەرگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ، چۈنكى ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەر قايتىپ كېلەلمەيدىكەن.
- ئوغلۇم، سېنىڭ باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.
ئەسكەر:
- قوماندانىم، مەن كەمبەغەل بىر يېزىلىق بالا. يېزىدا ماڭا قىز بەرمەيدۇ. كەمبەغەل دەپ كەمسىتىدۇ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ماڭا روخسەت قىلىڭ، بەلكىم شېھىد بولۇپ هۆر قىز بىلەن ئۆيلىنەرمەن. — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بۇ يالۋۇرۇش كۆنلەرچە داۋاملىشىپتۇ. قوماندانىنىڭ بېشى خىلىلا قېتىپتۇ ۋە ئاخىرى بولالماي:

- ماڭ بېرىپ ھۆر قىز بىلەن ئۆيلەنگىن. — دەپ ئۇنى ئالدىنقى سەپكە ئېۋەرتىپتۇ. ئالدىنقى سەپكە بارغان كۈنى ئەڭ ئالدىنقى ئىستىھكامدا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەر پىشانىسىغا تەگكەن بىر پاي ئوق بىلەن شېھىد بولۇپتۇ.

ياردارلارنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئارقا سەپكە توشۇۋاتقان ماشىنىدا قوماندان جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئەسكىرىنى يەنى خاس ئەسكىرىنى كۆرۈپتۇ. كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. «بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنچىلىك يالۋۇرغان ئىدى؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئەسكەرنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەلەم بىلەن ۋاقىراپتۇ:

- ئالدىڭمۇ ھۆر قىزنى، ئالدىڭمۇ-ھە؟!. — دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. يەردە ياتقان جانسىز ئەسكەر ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىككى بارمىقىنى قوماندانىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- ئىككى دانە. — دەپتۇ ۋە كۆتۈرگەن قولى دەرھال بوشاپ چۈشۈپتۇ.

## كىتابلارغا ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:

بىر مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى مەنبەسىدىن يەنى كىتابتىن ئۆگىنىلىدۇ. بىزنىڭ كىتابىمىز بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى بۇيرۇقى «ئوقۇ» دېگەن ئىلاھىي چاقىرىقتۇر. بىلىم ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ھەر دائىم ئوقۇش كېرەك. كىتابلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە الله نىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك. قۇرئان كەرىمنىڭ قارىشىچە ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىدە بىر كىتابقا يېزىلىپ ئۇلارغا بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كىتابنى ئوقۇۋۇڭلار دېيىلىدۇ. شۇڭا ھەم دۇنيادا، ھەمدە ئاخىرەتتە كىتابلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن باشتا الله نىڭ كىتابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايدىلىق كىتابلاردىن يىراق تۇرماسلىقىمىز كېرەك.

1. كىتابلارغا ئىمان نېمە دېگەنلىكتۇر؟

جانابى الله نىڭ بەندىلىرىگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېۋەرتكەن پۈتۈن ئىلاھىي كىتابلارغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

2. پەيغەمبەرلەر الله دىنمۇ بىۋاستە ئىلاھىي ئەمرلەرنى ئالدۇ؟

پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي ئەمرلەرنى بىۋاستە الله دىن ئالمايدۇ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن ئالىدۇ.

3. ئىلاھىي كىتابلار قانچىگە بۆلىنىدۇ؟

ئىلاھىي كىتابلار ھەجىملىرى جەھەتتە ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

1) سەھىپىلەر.
2) كىتابلار.

4. «سەھىپىلەر» بىلەن «كىتابلار» ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟
ھەر ئىككىسى ئىلاھىي كالام بولغانلىقى ئۈچۈن مەنە جەھەتتىن ھېچقانداق پەرق يوق. بىراق ئۆزى خىتاب قىلغان جامائەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ.

5. كىچىك «سەھىپىلەر» قايسى پەيغەمبەرلەرگە ئىبۇەرتىلگەن؟
10 سەھىپە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا،
50 سەھىپە شىت ئەلەيھىسسالامغا،
30 سەھىپە ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا،
10 سەھىپە ئىبراھىيم ئەلەيھىسسالامغا ئىبۇەرتىلگەن.

6. چوڭ «كىتابلار» قايسى پەيغەمبەرلەرگە ئىبۇەرتىلگەن؟
تەۋرات: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا،
زەبۇر: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا،
ئىنجىل: ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا،
قۇرئان كەرىم: ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبۇەرتىلگەن.

7. قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىيدىلىكلىرى قايسىلار؟
1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان شەكلى بىلەن دەۋرىمىزگە قەدەر ھېچقانداق ئۆزگەرمەستىن ئۆز پېتى كېلىشى.
2) بىر پۈتۈن شەكلىدە ئەمەس زامان ۋە ھادىسىلەرگە ئاساسەن ئايەت ۋە سۈرىلەر ھالىتىدە نازىل قىلىنغانلىقى.
3) پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىدىغانلىقى.
4) ھەر دەۋرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالايدىغان، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلالايدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى.
5) ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب بولۇپ ئۆزىدىن كېيىن باشقا ئىلاھىي كىتاب كەلمەيدىغانلىقى.

8. قۇرئان كەرىم قانچە يىلدا نازىل بولدى؟
قۇرئان كەرىم 23 يىلدا نازىل بولدى.

9. قۇرئان كەرىم قانچە ئايەت، قانچە سۈرىدىن تەركىپ تاپقان؟
6666 ئايەت، 114 سۈرىدىن تەركىپ تاپقان.

10. پەيغەمبىرىمىزگە نازىل قىلىنغان دەسلەپكى ئايەت قايسى؟
ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى 5 ئايىتى بولغان «ياراتقان پەرۋەردىگارىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» ئايىتىدۇر.

## ھېكايە:
## ئارغامچىنىڭ ھېسابى

بىر باي ئۆلۈمىدىن ۋە قەبرىدىكى يالغۇزلۇقتىن بەكمۇ قورقىدىكەن. «مەن ئۆلگەن كۈنىنىڭ كېچىسى كىم مېنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنگىچىلىك قەبرىدە بىللە تۇرسا ئۇنىڭغا مال - مۈلكىمنىڭ يېرىمىنى ھەدىيە قىلىمەن.» دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ.
ئۇ ئۆلگەندە تۇققانلىرى «كىم بىرلىكتە قەبرىگە كىرىپ تاك ئاتقىچە تۇرۇشنى خالايدۇ؟» دەپ ئەتراپتىن ئادەم ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ھېچكىم چىقماپتۇ. ئاخىرىدا بىر ھاممال:
- مېنىڭ پەقەت بىر تال ئارغامچام بار. يوقۇتۇپ قويىغىدەك باشقا نەرسەممۇ يوق. تاك ئاتقىچە تۇرسام بەلكىم باي بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن. – دەپ قوبۇل قىلىپتۇ.
ھامماللنى ئۆلگەن باي بىلەن بىرگە دەپنە قىلىپتۇ. سوئال - سوراق پەرىشتىلىرى كېلىپ قارىسا بىر ئۆلۈك، بىر تىرىك تۇرغىدەك. «قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈك قولىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، بىز ئاۋۋال شۇ تىرىكتىن باشلايلى» دەپتۇ ۋە ھامماللنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ:
- بۇ ئارغامچا كىمنىڭ؟ نەدىن ئالدىڭ؟ قانداق ئالدىڭ؟ نەلەردە ئىشلەتتىڭ؟.....
تاك ئاتقىچە سوئال - سوراق داۋاملىشىپتۇ. ھامماللنىڭ ھېساۋى تۈگىمەپتۇ. تاك ئارتقاندا ھامماللى قەبرىدىن چىقىپتۇ.
- بايلىقنىڭ يېرىمى سېنىڭكى. – دەپتۇ باينىڭ تۇققانلىرى. ھاممال دەرھال شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:
- ياق ئالمايمەن. مەن تاك ئاتقىچە بىر ئارغامچىنىڭ ھېساۋىنى بېرەلمىدىم. بۇنچىلىك كۆپ مال - مۈلكىنىڭ ھېساۋىنى قانداقمۇ بېرەلەيمەن؟

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:
پەيغەمبەرلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنساندۇر. ئەمما بىزدىن پەرقلىق بولغان تەرىپى الله تەرىپىدىن ئىلاھىي ئەمىرلەر بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەنلىكىدۇر. بۇ پەرقلىقنى ئالاھىيدە ئىش - ھەرىكەتلىرى يەنى مۆجىزىلىرى بىلەن ئىنسانلارغا نامايەن قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن الله نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەق يولغا چاقىرىدۇ.
1. پەيغەمبەر كىمدۇر؟

جانابى الله تەرىپىدىن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ ۋەزىپىلەندۈرۈگەن ئىلاھىي ئەلچىدۇر.

2. پەيغەمبەرلەرگە نېمە ئۈچۈن ئېھتىياج باردۇر؟
ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن الله نىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى بىلەلىسىمۇ الله غا ئائىت مۇقەددەس سۈپەتلەرنى تولۇق بىلەلمەيدۇ. توغرا بىلەن خاتانى تاللاشتا قىينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ھەر ۋاقىت ئېھتىياج باردۇر.

3. پەيغەمبەرلەر ئادەملەرگە ئوخشامدۇ؟
كۈندىلىك تۇرمۇشتا باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ئۈستۈنلۈك ۋە ئالاھىدىلىكلەر سەۋەبىدىن بىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

4. پەيغەمبەرلەردە مەۋجۇت بولۇشى مەجبۇرىي بولغان سۈپەتلەر قايسىلار؟
پەيغەمبەرلەردە بولۇنۇشى مەجبۇرىي بولغان سۈپەتلەر بەش داندىن ئىبارەتتۇر:
1) سىدقىق: راستچىل بولۇش.
2) ئامانەت: ئىشەنچىلىك بولۇش.
3) ئىسمەت: ھېچقانداق گۇناھ ئىش قىلماسلىق.
4) فەتانەت: ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇش.
5) تەبلىغ: الله دىن ئالغان ئەمىر-پەرمانلارنى ئۆز پېتى ئۈممەتلىرىگە چۈشەندۈرۈش.

5. پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچىلىكتۇر؟
پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ئېنىق بىلىنمەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتكەندۇر.

6. قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن قانچە پەيغەمبەر بار؟
قۇرئان كەرىمدە 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
1) ئادەم، 2) ئىدرىس، 3) نۇھ، 4) ھۇد، 5) سالىھ، 6) لۇت، 7) ئىبراھىم، 8) ئىسمائىل، 9) ئىسھاق، 10) ياقۇپ، 11) يۈسۈپ، 12) شۇئەيب، 13) مۇسا، 14) ھارۇن، 15) داۋۇت، 16) سۇلايمان، 17) ئەييۇب، 18) زۇلكىفل، 19) يۇنۇس، 20) ئىلياس، 21) ئەليەسەئ، 22) زەكەرىيا، 23) يەھيا، 24) ئىيسا، 25) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

7. قۇرئاندا 25 پەيغەمبەردىن باشقا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر بارمۇ؟
قۇرئاندا يەنە ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئۈچ زاتنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇزەير، 2) لوقمان، 3) زۇلقەرنەين

8. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالاھىيدىلىكى قايسىلار؟
1) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام الله نىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسىدۇر.
2) ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر.
3) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.
4) پەيغەمبەرلىكى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

9. ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتى قانداق بولىدۇ؟
كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر ئارقىلىق بولىدۇ.

10. مۆجىزە دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر بولغان زاتنىڭ ئىنسان ئەقلى ئىدراك قىلالمايدىغان ھادىسىلەرنى الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆرسىتىشىدۇر. (مەسىلەن: يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن زەھەرلىك قوي گۆشىنىڭ زۇۋانغا كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە زەھەر بارلىقىنى ئېيتىشى بىر مۆجىزىدۇر.)

## ھېكايە:

## ئۈچ پوپ

ئۈچ پوپ نەسرىدىن ئەپەندىمگە بەزى سۇئاللارنى سوراپ ئۇنى خەلق ئالەم ئىچىدە مات قىلىش ئۈچۈن نەسرىدىن ئەپەندىمنىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇ. جامائەت بىلەن بىللە پېشىن نامىزىدىن چىققان ئەپەندىم بىلەن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن پوپلار سۇئاللىنى سوراشقا باشلاپتۇ. بىرىنچى پوپ:
- دۇنيانىڭ مەركىزى نەدە؟ - دەپ سوراپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندىم ئېشىكىنىڭ ئالدى پۇتى دەسسەپ تۇرغان يەرنى كۆرسىتىپ:
- مانا بۇ يەر دۇنيانىڭ دەل مەركىزىدۇر. – دەپتۇ. پوپ قايىل بولماي:
- بۇ يەر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:
- ئىشەنمىسەڭ ئۆلچەپ كۆرگىن. – دەپتۇ.
ئىككىنچى پوپ سۇئالىنى سوراپتۇ:
- ئەپەندىم ئاسماندا قانچە تال يۇلتۇز بار؟
ئەپەندىم جاۋاپ بېرىپتۇ:
- ئېشىكىمنىڭ تېرىسىدا قانچە تال موي بارسا ئاسماندىمۇ شۇنچىلىك يۇلتۇز بار.
پوپ قايىل بولماي:

ـ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ تونغرا دېگىنىڭنى قانداق بىلىمىز؟ـ دەپتۇ. ئەپەندىم دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:
ـ ئىشەنمىسەڭ ساناپ باق.
نۆۋەت ئۈچىنچى پوپقا كەپتۇ:
ـ مېنىڭ چېچىمدا قانچە تال تۈك بار؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
ـ ئىشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدا قانچە تال تۈك بارسا سېنىڭ چېچىڭدىمۇ شۇنچىلىك تۈك بار.
پوپ قايىل بولماي:
ـ ئوخشاش مىقداردا تۈك بارلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ ـ دېگىنىدە ئەپەندىم دەرھال جاۋاپ بېرىپ:
ـ قولىمغا بىر قىسقۇچ ئالىمەن. بىر ئىشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن، بىر سېنىڭ چېچىڭدىن تۈك سۇغۇرىمەن. ئاۋۋال كىمنىڭكى تۈگىسە ئۇنىڭ تۈكى ئاز دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئوخشاش چىقمىسا مەن ئۇتتۇرغان بولاي. — دەپتۇ.
پوپ چېچىنى يۇلدۇرۇشنى ئەلۋەتتە خالىماپتۇ.
ـ نەسىردىن ئەپەندىم توغرا جاۋاپ بەردىڭىز. — دەپ ئۈچ پوپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ.

## ئاخىرەتكە ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:
جانلىق ۋە جانسىز پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ خاتىمىسى بولغىنىدەك بىز ياشىغان بۇ دۇنيانىڭمۇ خاتىمىسى بار. جانابى ﷲ تەرىپىدىن بەلگىلىگەن مۆھلەت كەلگىنىدە بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ۋەزىپىلەندۈرگەن پەرىشتە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۈر دەپ ئاتىلىدىغان كانايىنى چالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ سىستېمىسى ۋەيران بولىدۇ.
ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۈرنى ئىككىنچى قېتىم چالغاندا پۈتۈن جانلىقلار تەكرار تىرىلىدۇ. دەل بۇ ۋاقىتتىن باشلايدىغان، جەننەتلىكلەرنىڭ جەننەتكە، دوزىخىيلەرنىڭ دوزاخقا كىرىگەنگە قەدەر ئۆتكەن دەۋرگە «ئاخىرەت كۈنى» ياكى «قىيامەت كۈنى» دېيىلىدۇ.
بىز مۇسۇلمانلار مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ باشلانغۇچى بولغان، ھەق ۋە ناھەقنىڭ ئەڭ ئادىل شەكىلدە ئايرىلىدىغان بۇ ئاخىرەت كۈنىگە پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ئىشىنىمىز.
1. قەبرى ھاياتى دېگەن نېمە؟
ئۆلۈم بىلەن باشلاپ تەكرار تىرىلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان ھاياتتۇر.

2. مىزان دېگەن نېمە؟
ياخشى، يامان ئەمەللەرنى تارتىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جانابى ﷲ ئاخىرەت كۈنىدە پەيدا قىلىدىغان تارازىدۇر.

3. قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ؟
قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

4. قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلەر بارمۇ؟
چوڭ ۋە كىچىك قىيامەت ئالامەتلىرى بار.

5. قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن ئىككى مىسال كەلتۈرۈڭ؟
1) قۇياشنىڭ غەرپتىن چىقىشى.
2) ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى.

6. قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرىدىن ئىككى مىسال كەلتۈرۈڭ؟
1) ئىسلامىي ئىلىمنى پۈختا، ياخشى بىلىدىغان ئۆلىما-ئالىملارنىڭ ئازىيىپ بىلىمسىزلارنىڭ كۆپىيىشى.
2) بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كۆپىيىشى.

7. قەبرىدە قانداق سوئاللار سورىلىدۇ؟
قەبرىدە سورىلىدىغان سوئاللارنىڭ بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:
1) پەرۋەردىگارىڭ كىم؟
2) دىنىڭ قايسى؟
3) كىتابىڭ قايسى؟
4) پەيغەمبىرىڭ كىم؟

8. قىيامەت كۈنى ئىنسانلاردىن نېمىلەر سورىلىدۇ؟
قىيامەت كۈنى ئىنسانلاردىن تۆت ئاساسىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللار سورىلىدۇ:
1) ئۆمرۈڭنى نەدە ئۆتكۈزدۈڭ؟
2) بەدىنىڭنى نەدە ئۇپراتتىڭ؟
3) پۇل-مېلىڭنى نەدە، قانداق تاپتىڭ ۋە قايەرلەرگە خەجلىدىڭ؟
4) بىلىدىغانلىرىڭ ۋە ئىشەنگەنلىرىڭ بىلەن ئەمەل قىلدىڭمۇ؟

ھېكايە:

يېشىل باغچا

خوشنىلىرى تەرىپىدىن ھېچ ياقتۇرۇلمايدىغان بىر گۇناھكار سەكراتقا چۈشكەندە قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. ئانىسىغا:

- مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى قەبرىستانغا ئەمەس ئۆيۈمگە كۆمگىن. ساقلىقىمدا تىرىكلەرگە بەكمۇ زۇلۇم قىلدىم، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ قەبرىدىكىلەرگە زۇلۇم سالماي. شۇنىڭدەك ئۆلگىنىمنى ھېچكىمگە دېمىگىن. چۈنكى ئۇلار نامىزىمنى چۈشۈرمەيدۇ. — دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ.

ئۇ ئۆلگىنىدە ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى بىجا كەلتۈرۈپ ئۆيىگە كۆمۈپتۇ، ھېچكىمگە ئۆلگىنىنى ئېيتماپتۇ...

ئۇ كۈنى كېچىسى ئانىسى ئوغلىنى چۈشىدە كۆرۈپتۇ. ئوغلى يېشىل بىر باغچىدا سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. پىشانىسىدا شۇنداق بىر سۆز يېزىلغان ئىكەن: «بۇ بولسا قىلغان گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئازابلانغاندىن كېيىن الله نىڭ ئىلكىدە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بەندىدۇر!» ئانىسى دەرھال ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- جىگەر پارەم، بۇ نېمەت ۋە سائادەتكە قانداق ئېرىشتىڭ؟

- پەرۋەردىگارىم مېنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ: « ئەي بەندەم، ئۇلار سېنى يالغۇز تاشلاپ قويدى، سېنى ئارىلىرىغا ئالمىدى، يۈزىڭگە پۈتۈن مەرھەمەت ۋە شەپقەت ئىشىكلىرىنى ياپتى. شانۇ-شەۋكىتىم ھۆرمىتى ئۈچۈن مەن سېنى ۋە جىنازە نامىزىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدىم.» دەپتۇ.

## تەقدىرگە (قەدەر ۋە قازاغا) ئىمان

قەدىرلىك ياشلار:

ھەر بىر ئىنساننىڭ بىر ھېكايىسى بار. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى كونترولىمىزدا، بەزىلىرى بولسا كونترولىمىزنىڭ سىرتىدا ئۆزلىگىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال «قازا ۋە قەدەر» گە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

قازا ۋە قەدەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەممىمىز ياقتۇرۇپ مىنىدىغان ۋېلسىپىت ھەققىدە بىر سىلىشتۇرما قىلىپ باقايلى.

مەسىلەن، بىر ۋېلسىپىت ئالماقچى بولدۇق. ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلىمىز؟

ئالدى بىلەن قانداق بىر ۋېلسىپىت ئالىدىغانلىقىمىزنى جەزىملەشتۈرىمىز. ئاندىن كېيىن ئالماقچى بولغان ۋېلسىپىتنىڭ پۇلىنى تېپىش ئۈچۈن مەشغۇل بولىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن قەيەردىن ئالىدىغانلىقىمىزنى ئىزدەيمىز. قانداق بىر ۋېلسىپىت ئالىدىغانلىقىمىزنى، پۇلىنى نەدىن تاپىدىغانلىقىمىزنى ۋە ۋېلسىپىتنى ئالىدىغان يەرنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن بىز ئالماقچى بولغان ۋېلسىپىنى ساتىدىغان يەرگە بېرىپ ۋېلسىپىتنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئالىمىز.

بۇ ھادىسىدىن چۈشۈندۇرمەكچى بولغان ھەقىقەت شۇكى: ۋېلسىپىتنى ئالغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر ۋە پۇلنى تەقلەش ئىشى «قەدەر» دۇر. ۋېلسىپىتنى ئالغاندىن كېيىنكى ئىش بولسا «قازا» دۇر. قەدەر بىر پروگرام، قازا بولسا ئۇ پروگرامغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشىدۇر.

1. قەدەر دېگەن نېمە؟

كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ۋاقتىنى، يېرىنى، ئالاھىيدىلىكلىرىنى ۋە قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى الله نىڭ ئالدىن بىلىشى ۋە تەقدىر قىلىشىدۇر.

2. قازا دېگەن نېمە؟
الله نىڭ ئەزەلدىن تەقدىر قىلغان ھادىسىلەرنىڭ ۋاقتى كەلگىنىدە تەقدىر قىلغان ھالەتتە ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.

3. بەندىلەر قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن قانچىلىك مەسئۇلدۇر؟
بەندىلەر ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئەقلى بىلەن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن مەسئۇلدۇر.

4. بەندىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
«ئىرادەئي جۇزئىيە» يەنى ئىنساننىڭ كىچىك ئىرادىسى  دەپ ئاتىلىدۇ.

5. ئىرادەئي جۇزئىيە دېگەن نېمە؟
ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىشلىتىپ توغرا ۋە خاتانى تاللىشى دېگەنلىكتۇر.

6. ئىرادەئي كۇللىيە دېگەن نېمە؟
الله نىڭ ئىرادىسى دېگەنلىك بولۇپ جانابى الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كائىناتتا بار بولغان ۋە بار بولىدىغان ھەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە يارىتىشىدۇر.

7. تەۋەككۇل دېگەن نېمە؟
بىر ئىشنى قىلغاندا كىشىنىڭ ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە قىلغاندىن كېيىن الله غا تەسلىم بولۇشتۇر. (تاۋۇز ئۇرۇقىنى تېرىپ، يەرنى ياخشى ئوغۇتلاپ، سۇغۇرغاندىن كېيىن الله دىن تاۋۇز بېرىشىنى كۈتمەكتۇر).

8. ئىشلىمەستىن تەۋەككۇل قىلىشقا بولامدۇ؟
ئىشلىمەستىن تەۋەككۇل قىلغاننى الله ياقتۇرمايدۇ، تىلەك ـ ئۈمىدلىرىنىمۇ ئىجاۋەت قىلمايدۇ.

9. قەدەر ۋە قازا ئالدىدىكى ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى قايسىلار؟
ئىنسان بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىشلىتىپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشى، ئاندىن كېيىن تەۋەككۇل قىلىپ تەقدىرگە رازى بولۇشى كېرەك.

10. جانابى الله ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى (خەير ۋە شەرنى) نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

ھەر مۇسۇلمان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغرا يولنى تاپالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق بەندىنىڭ ئىمتىھانى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

## ھېكايە:
## مىڭ دىنارلىق ھەميان

مەككىدە بىر كەمبەغەل بار ئىكەن. ئايالى بەكمۇ ئاقكۆڭۈل، تەقۋادار بىر ئايال ئىكەن. بىر كۈنى ئايالى:

- ئۆيىمىزدە يېگىدەك بىر نەرسە قالمىدى. — دەپ ھال ئېيتىپتۇ.

دەل بۇ ئەسنادا ئەسىر نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىپتۇ. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھەرام مەسجىدىگە بارغان ئادەم مەسجىددە ئىچىدە مىڭ دىنار بولغان بىر ھەميان تېپىۋاپتۇ. خوشاللىقىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالىغا بۇ ھەميانىنى كۆرسىتىپتۇ. ئايالىغا:

- الله بىزنىڭ كەمبەغەللىك ھالىمىزغا ئېچىنىپ بۇ ھەميانىنى بىزگە يولۇقتۇردى، بىزگە پۇل بەردى. — دەپتۇ.

ئايالى:

- ياق ئۇنداق ئەمەس. بۇ چوقۇم بىرسىنىڭ يوقىتىۋەتكەن قويغان پۇلىدۇر. ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. — دەپتۇ.

ئادەم ئىگىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇدۇل مەسجىدى ھەرامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا بىر كىشى ۋارقىراۋاتقۇدەك:

- ئىچىدە مىڭ دىنار بولغان بىر ھەميان يوقىتىپ كەتتى. كۆرگەنلەر بارمۇ؟

ئادەم:

- مەن تېپىۋالدىم. ھەميىنىڭنى ئالغىن. — دەپ ھەميانىنى تەڭلەپتۇ.

ئۇ كىشى:

- سېنىڭكى بولسۇن. ساڭا يەنە توققۇز مىڭ دىنار قوشۇپ بېرىمەن. - دېگىنىدە، ئادەم ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

- ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

- ياق ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. يۇرتۇمدىن يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا بىرسى ماڭا ئون مىڭ دىنار بېرىپ: «بۇ پۇلنىڭ مىڭ دىنارىنى بىر ھەميانغا قويۇپ ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويغىن. كېيىن بۇ پۇلنى يوقىتىۋەرگەن قويغانلىقىنى ئېلان قىلغىن. كىم «مەن تېپىۋالدىم» دېسە پۇلنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇنى بەرگىن. چۈنكى پۇلنى تېپىۋېلىپ ئەكەلگەن زات چوقۇم ياخشى بىر كىشى. ئۇ ھەم پۇلنى ئىشلىتىدۇ، ھەم ياخشى يولدا خەجلەيدۇ. ئۇنىڭ راستچىل، ئاقكۆڭۈللىكى سەۋەبىدىن بىزنىڭ سەدىقىمىز الله غا قوبۇل بولىدۇ.» دېگەن ئىدى. مانا مەن ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈۋاتىمەن. — دەپتۇ.

# ئۈچىنچى باب
# ئىبادەت

قەدىرلىك ياشلار:
بۈنچىلىك كۆپ نېمەتلەرنى بىزگە بەرگەن ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىزغا شۈكۈر قىلىش ۋە مېهرىبان ياراتقۇچىمىزنى رازى قىلىش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىزدۇر.
بۇ ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاش ئۈچۈن باسىدىغان بىرىنچى قەدىمىمىز الله نى تونۇش ۋە الله غا ئىبادەت قىلىشتۇر. الله نىڭ ئالدىدىكى بەندىلىك ئىبادىتىمىزنى بىجا كەلتۈرۈپ، الله نى رازى قىلساق پەرۋەردىگارىمىز بىزنى دۇنيادىكى نېمەتلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە ئېسىلىنى ئاخىرەتتە بېرىدۇ، بىزنى جەننەتتە مېهمان قىلىدۇ.

1. ئىبادەت دېگەن نېمە؟
الله نىڭ ئالدىدىكى بەندىلىك قەرزىمىزنى قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولباشچىلىقى ۋە چۈشەندۈرىشى بويىچە ئەمىلىيلەشتۈرۈشتۇر.

2. ئىبادەت تۈرلەرگە بۆلۈنەمدۇ؟
ئىبادەتلەرنىڭ ئۈچ ئاساسلىق تۈرى بار:
1) بەدەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر (5 ۋاقىت نامازغا ئوخشاش.)
2) مال بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر (زاكاتقا ئوخشاش.)
3) ھەم مال بىلەن، ھەمدە بەدەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر (ھەجگە ئوخشاش.)

3. ئىبادەتنىڭ ئاساسي نېمە؟
ئىبادەتنىڭ ئاساسي تازىلىقتۇر.

4. قانچە خىل تازىلىق بار؟
ئۈچ خىل تازىلىق بار:
1) بەدەن تازىلىقى.
2) ئىدىيە، كۆزقاراش تازىلىقى.
3) روھ تازىلىقى.

5. بىز ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق نېمىنى قولغا كەلتۈرىمىز؟
بىز ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق:
1) الله نىڭ رىزالىقىنى قولغا كەلتۈرىمىز.
2) بەختلىك، ھۇزۇرلۇق ياشاشنى قولغا كەلتۈرىمىز.
3) پرىنسىپلىق بولۇشنى ئۆگىنىمىز.
4) ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىمىزنى قوغدىيالايمىز.

## ھېكايە:
## دۇنيانى تۈزەش

بىر كىشى بىر ھەپتىلىك ھارغىنلىقىدىن كېيىن يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغىنىدا ياخشى دەم ئېلىپ ھارغىنلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىغا كۈندىلىك گېزىتنى ئالدى، پۈتۈن كۈن ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشنى ئويلىدى. دەل بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇردىغىنىدا ئوغلى يۈگۈرۈپ كەلدى، كىنوغا قاچان بارىدىغانلىقىنى سورىدى. بۇ ھەپتە ئاخىردا كىنوخانىغا ئېلىپ بارىمەن دەپ دادىسى ئوغلىغا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئەمما سىرتقا ھېچ چىقىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن بىر باھانە تېپىشى كېرەك ئىدى. گېزىت بىلەن بىرگە بېرىلگەن دۇنيا خەرىتىسىگە كۆزى چۈشتى.

ئاۋۋال دۇنيا خەرىتىسىنى يىرتىپ كىچىك پارچىلارغا بۆلدى ۋە ئوغلىغا:

- ئەگەر بۇ خەرىتىنى تۈزىتەلىسەڭ سېنى كىنوغا ئاپىرىمەن. - دېدى.

ئىچىدە بولسا «ئەمدى قۇتۇلدۇم، ئەڭ ئالىي جۇغراپىيە پروفېسسورىنى ئەكەلسەڭمۇ بۇ خەرىتىنى ئاخشامغىچە تۈزىتەلمەيدۇ.» دەپ ئويلىدى.

ئارىدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن بالىسى يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە دادىسىغا:

- خەرىتىنى تۈزەتتىم. ئەمدى كىنوغا بارايلى. — دېدى.

كىشى باشتا ئىشەنمىدى، خەرىتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. خەرىتىنى كۆرگىنىدە ھەيران قالدى. بۇنى قانداق قىلغانلىقىنى سورىدى.

بالىسى:

- ماڭا بەرگەن خەرىتىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئادەم بار ئىدى. ئادەمنى تۈزەتكىنىمدە دۇنيا ئۆزلىگىدىن تۈزەلدى. — دەپ جاۋاپ بەردى.

## مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

قەدىرلىك ياشلار:

الله غا قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنى بىجا كەلتۈرگىنىمىزدە ئىبادەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچىنىڭ قىلىش ياكى قىلماسلىق بىلەن مەسئۇل بولغان دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

1. مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچى دېگەن نېمە؟

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىل-ھوشى جايىدا ۋە مەلۇم مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتىن مەسئۇل بولغان كىشى دېيىلگەنلىكتۇر.

2. مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى قانچىگە بۆلىنىدۇ؟

مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى سەككىزگە بۆلىنىدۇ:

1) پەرز
2) ۋاجىپ

3) سۈننەت
4) مۇستەھەب
5) مۇباھ
6) هارام
7) مەكرۇھ
8) مۇفسىد

**3. پەرز دېگەن نېمە؟**
دىنىمىزدا ئېجرا قىلىنىشى قەتئىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىنغان ئىلاھىي ئەمرلەر پەرز دەپ ئاتىلىدۇ.

**4. پەرز قانچىگە بۆلىنىدۇ؟**
پەرزگە ئىككىگە بۆلىنىدۇ:
1) پەرز ئەين.
2) پەرز كۇپايە.

**5. پەرز ئەين دېگەن نېمە؟**
ھەر مۇسۇلماننىڭ بىر-بىرلەپ ئادا قىلىشى قەتئىي مەجبۇرىي بولغان ئىلاھىي ئەمرلەردۇر. (ناماز قىلىش، روزا تۇتۇشقا ئوخشاش.)

**6. پەرز كۇپايە دېگەن نېمە؟**
مۇسۇلماننىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئەمر قىلىنغان، پەقەت بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن قالغانلىرى مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلىدىغان پەرزلەردۇر. (مېيىت نامىزىغا ئوخشاش.)

**7. پەرزنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟**
سەۋەبسىز ئادا قىلمىغان اللە غا بولغان قەرزنى ئۆتىمىگەن بولىدۇ، ئىنكار قىلغان بولسا دىندىن چىققان يەنى كاپىر بولىدۇ.

**8. ۋاجىپ دېگەن نېمە؟**
پەرزدەك قەتئىي بولمىسىمۇ يەنىلا ئادا قىلىنىشى پەرزدەك بولغان ۋەزىپىلەردۇر. (قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشاش.)

**9. ۋاجىپنى تەرك قىلىشنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟**
گۇناھ قىلغان بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئازاب تارتىدۇ.

**10.** سۈننەت دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرز ۋە ۋاجىپتىن باشقا ئىبادەت نىيىتى بىلەن قىلغان گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان سۆزلىرى سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**11.** قانچە خىل سۈننەت بار؟
ئىككى خىل سۈننەت بار:
**1)** سۈننەتى مۇئەككىدە.
**2)** سۈننەتى غەيرى مۇئەككىدە.

**12.** سۈننەتى مۇئەككىدە دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقاچان تەرك قىلماستىن ئىبادەت نىيىتى داۋاملىق قىلغان بىلەن سۈننەتلىرىدۇر. (بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش.)

**13.** سۈننەتى غەيرى مۇئەككىدە دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا قىلىپ، بەزى ۋاقىتلاردا تەرك قىلغان سۈننەتلىرىدۇر. (ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش.)

**14.** باشقا سۈننەتلەرمۇ بارمۇ؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا بىزگە ئوخشاش يەپ-ئىچىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

**15.** سۈننەتنى تەرك قىلىشنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟
سۈننەتنى ئادا قىلغان ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تەرك قىلغان ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئىنكار قىلغان ئىماننى تەھلىكىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

**16.** مۇستەھەپ دېگەن نېمە؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ قىلغان بەزى گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلىرىدۇر.

**17.** مۇباھ دېگەن نېمە؟
قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا بولغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر.

**18.** ھارام دېگەن نېمە؟
دىنىمىزدا قىلىنىشى ۋە قىلىنماسلىقى قەتئىيلىك بىلەن مەنئىي قىلىنغان ھۆكۈملەر ھارام دەپ ئاتىلىدۇ. (ھاراق ئىچىش، نامازنى تەرك قىلىشقا ئوخشاش.)

**19. هارامنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟**
ھارام ئىشلىگەن ئاخىرەتتە جازا ۋە ئازاب كۆرىدۇ. ھارامنى ئىنكار قىلغان دىندىن چىقىدۇ يەنى كاپىر بولىدۇ.

**20. مەكرۇھ دېگەن نېمە؟**
ھارامغا ئوخشاش قەتئىي مەنئىي قىلىنمىغان بولسىمۇ دىنىمىزدا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر.

**21. مەكرۇھ قانچىگە بۆلىنىدۇ؟**
مەكرۇھ ئىككىگە بۆلىنىدۇ:
1) ھارامغا يېقىن بولغان مەكرۇھ.
2) ھالالغا يېقىن مەكرۇھ.

**22. ھارامغا يېقىن مەكرۇھ دېگەن نېمە؟**
تەھرىمەن مەكرۇھ دېگەنلىك بولۇپ، بىكار، بوش ئولتۇرۇپ كۈننىڭ پېتىشىغا يېقىن ئەسىر نامىزىنى قىلغانغا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتلەرگە دېيىلىدۇ.

**23. ھالالغا يېقىن مەكرۇھ دېگەن نېمە؟**
تەنزىبەن مەكرۇھ دېگەنلىك بولۇپ، كۈن نۇرىدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئىسسىپ قالغان سۇ بىلەن تەرەت ئېلىشقا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتلەرگە دېيىلىدۇ.

**24. مۇفسىد دېگەن نېمە؟**
باشلانغان بىر ئىبادەتنى بۇزغان نەرسىدۇر.

## ھېكايە:
## خەلپىنى يىغلاتقان بالا

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەرەبىستان چۆللىرىنى قۇياش پۈتۈن ھارارىتى بىلەن كۆيدۈرۈۋاتاتتى. گويا ئادەمنىڭ مېڭىسى قايناپتتى.
ھەممە كىشى سالقىن يەرلەرگە تاراپ كەتكەن، ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان بىر ۋاقىتتا ئەزان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەن خەلىپە نامازغا تەرەتنى ئېلىپ ئاستا-ئاستا مەسچىتكە قاراپ يۈرمەكتە ئىدى. بىر ئۆسمۈرنىڭ تېز-تېز مېڭىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىچىك بالىنىڭ بۇ ئالدىراپ مېڭىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئالدىراپ مېڭىشىنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بار بولۇشى مۇمكىن. ئەجەبا بىر قىيىنچىلىقمۇ بار؟ ئەگەر قىيىنچىلىقى بار بولسا بۇنى ھەل قىلىش خەلىپەنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

خەلقنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردى دەپ بىلىدىغان خەلىپە ئۆسمۈردىن سورىدى:
- بالام، بۇ ئالدىراپ مېڭىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىر دەردىڭمۇ بار؟ نېمىشقا بۇنداق تېز ماڭىسەن؟
ئۆسمۈر بالا خەلىپەنى تونۇيالمىغان ئىدى.
- تاغا مەسچىتكە كېتىۋاتىمەن. — دەپ جاۋاپ بەردى.
خەلىپە ھەيران بولدى. بالا تېخى كىچىك ئىدى. ئەمما گەپلىرى چوڭ ئادەمنىڭ گېپى ئىدى. يەنىمۇ ئىچكىرلەپ سوراشقا باشلىدى:
- بالام سېنىڭ يېشىڭ تېخى كىچىك. ناماز ساڭا پەرز ئەمەس. نېمىشقا بۇنچىلىك ئالدىرايسەن؟
بالا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن خەلىپىگە قاراپ:
- بىراق تاغا بۇ ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكلىگى بارمۇ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا مەھەللىمىزدىكى بىر بالا ئۆلدى. يەنە كېلىپ يېشى مېنىڭدىن كىچىك ئىدى. ئۆلۈم چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەگ ياخشىسى ھەر ياشتا تەييار تۇرۇش لازىم. يەنە كېلىپ بۇ ياشتا نامازغا ئادەتلەنمىسەم چوڭ بولغاندا ناماز ئوقۇش تەس كېلىشى مۇمكىن.
خەلىپە چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالدى. كۆزلىرىدىن ياشلار ئاققىنىدا ئاغزىدىن شۇ جۈمىلەر چىقتى:
- ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بالا نېمىدېگەن ئەقىللىق. ئۇ چوڭلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئاڭغا ئىگە ئىكەن!

## تاھارەت

قەدىرلىك ياشلار:
دىنىنىڭ تۈۋرۈگى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ دەسلەپكى باشلانغۇچى نامازدۇر. ناماز قىلىش ئۈچۈن تاھارەت كېرەك. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بولسا سۇ لازىم.
بىزنىڭ دىنىمىز تازىلىققا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «پاكىزلىق - ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن ئىدى. تازىلىق قىلىش ئارقىلىق ھەم بەدىنىمىزنىڭ، ھەم روھىمىزنىڭ، ھەمدە قەلبىمىزنىڭ ھوزۇرلۇق ياشىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

### 1. تاھارەت دېگەن نېمە؟

ئىسلامدا بەزى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پاكىز سۇ بىلەن يۈزنى، قوللارنى، پۇتلارنى يۇيۇش ۋە باشنى مەسھ قىلىش شەكلىدە قىلىنىغان ئىبادەتكە تاھارەت دېيىلىدۇ.

### 2. تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قانچە؟

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى تۆتتۇر:
1) يۈزنى يۇيۇش.
2) بىلەكلەرنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
3) باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا مەسھ قىلىش.

4) پۇتلارنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

### 3. تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

1) تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىش.
2) «اعوذ بالله من الشيطان الرجيم بسم الله الرحمن الرحيم» يەنى «قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن الله غا سېغىنىمەن، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ باشلاش.
3) ئاۋۋال قوللىرىنى يۇيۇش.
4) ئاغزىنى مىسۋاك بىلەن چوتكىلاپ يۇيۇش. (مىسۋاك بولمىسا چىش چوتكىسى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.)
5) بىر ئەزاسى قۇرۇپ بولغىچە يەنە بىرسىنى يۇيۇش.
6) ئەزالىرىنى يۇيغاندا ياخشى سىيلاپ يۇيۇش.
7) ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غەر-غەر قىلىپ تۈكۈرۈش.
8) ئاغزىنى ياخشى چايقاپ يۇيۇش.
9) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم ئوڭ قولى بىلەن سۇ ئېلىپ، سول قولىدا بۇرنىنى تۇتۇپ مىشقىرىش.
10) تاھارەت ئالغاندا رەت تەرتىپىگە دىققەت قىلىش.
11) ھەر بىر ئەزاسىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.
12) يۇيۇشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.
13) قولىنى ۋە پۇتىنى يۇيغاندا بارماق ئۇچىدىن باشلاش.
14) بارمىقىدا ئۈزۈك بولسا ئۇنى ئايلاندۇرۇش.
15) ساقىلى قويۇق بولغانلار بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى ئارىلاش.
16) قۇلاقلىرىغا مەسھ قىلىش.
17) بويىنىغا مەسھ قىلىش.
18) پۈتۈن بېشىغا مەسھ قىلىش.
19) بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ تولۇق يۇيۇش.

### 4. تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى قايسىلار؟

1) سۇنى ئىسراپ قىلىش.
2) سۇنى يۈزگە ۋە باشقا ئەزالارغا قاتتىق سېپىش.
3) تاھارەت ئېلىش جەريانىدا بىھۇدە پاراڭلىشىش.
4) پاسكىنا يەردە تاھارەت ئېلىش.
5) ئېھتىياجى بولمىسىمۇ باشقىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش.
6) تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك قىلىش.

7) تاھارەت ئەزالىرىنى ئۈچ قېتىمدىن كۆپ ياكى ئاز يۇيۇش.
8) كۈن نۇرىدا ئىسسىپ قالغان سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش.

### 5. تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

1) بەدەننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن چىققان قان، يىرىڭ ۋە سېرىق سۇ (قان ئارىلاش چىققان سۇ).
2) ئاغزى توشقىدەك قۇسۇش (بەلغەم چىققانغا تەرەت بۇزۇلمايدۇ.)
3) ئاغزىدىن تۈكۈرۈگىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قان چىقىشى.
4) ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن چوڭ-كىچىك تەرەت چىقىشى.
5) ئارقا تەرەپتىن چىققان يەل.
6) ھوشىدىن كېتىش ۋە مەست بولۇش.
7) ناماز ئوقۇۋاتقاندا يېنىدىكى كىشىلەرگە ئاڭلاتقۇدەك ئاۋازدا كۈلۈش.
8) ئۇخلاش.

### 6. مەسىھ قىلىش دېگەن نېمە؟

تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا پۇتقا كىيىلگەن ۋە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىكى ئاياق تۈرىدىكى قاتتىق ئاياق كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆل بارماق بىلەن سۈرتۈش مەسىھ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

### 7. مەسىھ قايسى ۋاقىتتا قىلىنىدۇ؟

سوغۇقتىن ساقلىنىش، سەپەردە ۋەياكى كېرەك بولغان ھەر ۋاقىتتا مەسىھ قىلىنىدۇ.

### 8. مەسىھنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

1) مەسە تاھارەتلىك ھالدا كىيىنگەن بولىنىشى كېرەك.
2) مەسە ھوشۇقلارنى كۆرسەتمەيدىغان شەكىلدە بولىشى كېرەك.
3) مەسە تۆشۈك ۋە يىرتىق بولماسلىقى كېرەك.

### 9. مەسىھنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

مەسىھنىڭ مۇددىتى 24 سائەتتۇر، سەپەردە بولسا 72 سائەتتۇر.

### 10. تېڭىق ئۈستىدىن قانداق مەسىھ قىلىش كېرەك؟

بەدەننىڭ بىر يېرىدە جاھارەت، يارا سەۋەبىدىن تېڭىق بولسا جاھارەتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۆل بارماق بىلەن تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلىنىدۇ.

### 11. تېڭىق ئۈستىگە قاچانغىچە مەسىھ قىلىنىدۇ؟

جاھارەت، يارا ساقايغىچلىلىك.

## ھېكايە:
## فاتىھنىڭ تەكلىپى

ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى سۇلتان فاتىھ مۇھەممەد ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن ياۋرۇپانى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئەسكىري يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. سېربىيە (سابىق يۇگوسلاۋىيە) نىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى، سېربىيەنى فەتىھ قىلىش ۋاقتى يېقىنلىشىشقا باشلىدى.
سېربىيە پادىشاھى برانكوۋىچ بىر تەرەپتىن ۋېنگىرىيە، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەر ئارىسىدا قورشاۋدا قېلىپ قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. ھەر ئىككى بۈيۈك دۆلەتنىڭ بىرىسىدىن باشپاناھلىق تىلەش، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئويىدا ھەر ئىككى تەرەپكە ئەلچى ئەۋەرتتى. «سېربىيەنى فەتىھ قىلسىڭىز بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىسىلەر؟» دەپ ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆگەنمەكچى بولدى.
سېربلار خرىستىيان دىنىنىڭ ئورتودوكس مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلاتتى. كاتولىك مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان ۋېنگىرىيە پادىشاھى ھۇنياد ئۇلارغا شۇ جاۋابنى بەردى:
- ئەگەر سېربىيەنى قولغا كىرگۈزسەك پۈتۈن سېربلار كاتولىك بولغىچىلىك مۇجادىلە قىلىمىز، پۈتۈن چېركاۋلارنى چېقىپ تاشلاپ ئورنىغا كاتولىك چېركاۋى قۇرۇپ چىقىمىز.
فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا بارغان ئەلچى شۇ جاۋابنى ئېلىپ قايتتى:
- بىز سېربىيەنى ئالساق ئىسلامىيەتنىڭ الله نىڭ نەزىرىدە يېگانە مەقبۇل دىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىمايمىز. خالىغان كىشى كونا دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چېركاۋغا بارىدۇ، خالىغان كىشى الله نىڭ نەزىرىدە يېگانە دىن بولغان ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشىدۇ.

## غۇسۇل

قەدىرلىك ياشلار:
ئىسلام ئىبادەت بىلەن پاكىزلىق ئارىسىدا زىچ بىر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن كۈندە بەش قېتىم ئەزالارنى تازىلاشنى شەرت قوشقىنىدەك بەدىنىمىزنىڭ تازىلىقى ئۈچۈنمۇ پۈتۈن بەدەن تازىلىقىنى شەرت قوشىدۇ.
ئادەم بەدىنىنىڭ ماددىي تازىلىققا ئېھتىياجى بولغىنىدەك مەنىۋى تازىلىقىمۇ ئېھتىياجى بار. ماددىي تازىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن كىرلەرنى پاكىزلاشتۇر. مەنىۋى تازىلىق بولسا ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشتۇر.
1. غۇسۇل قىلىش دېگەن نېمە؟
ئېھتىلام ياكى جۇنۇپ بولغان ئەر كىشىنىڭ، ھەيز ۋە نىفاس ھالىتى ئاخىرلاشقان ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى باشتىن ئاخىرغىچە يۇيۇشى دېگەنلىكتۇر.

2. غۇسۇلنىڭ پەرزى قانچە؟
غۇسۇلنىڭ پەرزى ئۈچتۇر:
1) ئاغزىنى چايقاش: ئاغزىغا لىق سۇ ئېلىپ گېلىغىچە غەر- غەر قىلىش.
2) بۇرنىغا سۇ ئېلىش: بۇرنىغا توشقىچە سۇ ئېلىپ، بۇرنىنىڭ ئىچىنى پاكىزە يۇيۇش.
3) پۈتۈن بەدەننى چالا قويماي تولۇق يۇيۇش.

3. غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟
1) غۇسۇل قىلىشقا بسم الله (الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ باشلاش.
2) غۇسۇل قىلىشقا نىيەت قىلىش.
3) بەدىنىدە پاسكىنا نەرسىلەر بولسا ئاۋۋال ئۇنى تازىلاش.
4) ئاۋۋال جىنسىي ئەزاسىنى يۇيۇش.
5) غۇسۇل قىلىشقا باشلىماستىن ئاۋۋال تاھارەت ئېلىش.
6) يۇيۇنغاندا پۈتۈن بەدەننى ياخشى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش.

4. غۇسۇلنىڭ باشقا تۈركۈملىرى بارمۇ؟
غۇسۇل تۆت خىلغا بۆلىنىدۇ:
1) پەرز بولغان غۇسۇل: جۇنۇپلۇق ياكى ھەيز ۋە نىفاس تۈپەيلى يۇيۇنۇش.
2) ۋاجىپ بولغان غۇسۇل: مېيىتلارنى يۇيۇش.
3) سۈننەت بولغان غۇسۇل: جۈمە ۋە ھېيت كۈنلىرى يۇيۇنۇش.
4) مۇستەھەپ بولغان غۇسۇل: خەيرلىك ئىشلار ۋە دىنىي زىيارەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن يۇيۇنۇش.

### ھېكايە:

### چۆلدىكى مويسىپىت

تۆگىسى بىلەن بىرگە چۆلدە كېتىۋاتقان بىر مويسىپىت كالپۇكلىرى سۇسىزلىقتىن يېرىلىپ كەتكەن، ھالسىزلىقتىن ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ.
ئادەم مويسىپىتتىن سۇ بېرىشنى سوراپتۇ. مويسىپىت تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا سۇ بېرىپتۇ. سۇنى ئىچكەن ئادەم بىردىنلا مويسىپىتنى ئىتتىرىۋېتىپ تۆگىگە مىنىپ قېچىشقا باشلاپتۇ. مويسىپىت ئارقىسىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ:
- مەيلى بوپتۇ تۆگىنى ئېلىپ كەتكىن. ئەمما سەندىن بىر تەلىپىم بار. بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا سۆزلىمىگىن!
بۇ تەلەپنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن بۇلاڭچى تۆگىنى سەل توختىتىپ سەۋەبىنى سوراپتۇ...

- ئەگەر باشقىلارغا سۆزلىسەڭ، - دەپتۇ مويسىپىت - بۇ ھەر تەرەپكە يېيىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بۇنىدىن كېيىن ھەرگىزمۇ چۆلدە ئاچ، سۇسىز قالغان بىر كىشىگە ياردەم قىلمايدۇ.

## تەيەممۇم

قەدىرلىك ياشلار:

بىزنىڭ دىنىمىز ئىنساننى ھاياتنىڭ مەركىزىگە قويغان بولۇپ بىز ئىنسانغا مەركەزلەشكەن ۋە ئىنساننى يادرو قىلغان بىر دىنىنىڭ ئەزاسىمىز. چۈنكى ياراتىلغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات ئىنساندۇر. بۇ سەۋەبتىن جانابى الله ئىنساننى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاسانلىقنى ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى كۆرسەتكەندۇر. تەيەممۇم مەسىلىسىمۇ بۇ ئاسانلىقلارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

1. تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

سۇ تېپىش ياكى ئىشلىتىش ئىمكانى بولمىغان ئەھۋاللاردا قولنى تۇپىغا تەككۈزۈپ باشقا تاھارەت ئەزالىرىغا سۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تازىلىقتۇر.

2. قانداق ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلىش كېرەك ؟

1) تاھارەت ئېلىشقا ۋەياكى غۇسۇل قىلىشقا سۇ تاپالمىسا.

2) سۇ بولسىمۇ ھەر قانداق بىر سەۋەبتىن تۈپەيلى سۇنى ئىشلىتەلمىسە.

3) بەدەنىنىڭ ئۇغۇلغان يېرىدە يارا بولسا بەدەن يۇيۇلمايدۇ، تەيەممۇم قىلىنىدۇ.

4) ئەگەر سۇنى ئىشلەتسە ئىچىشكە سۇ قالماسلىق ئېھتىمالى بولسا.

3. تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى قانچە؟

تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ئىككىدۇر:

1) نىيەت قىلىش: «تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ياكى جۇنۇپلۇقتىن پاكلىنىش ئۈچۈن ۋەياكى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلدىم.

2) ئالقاننى تۇپىغا ياكى تۇپا تۈركۈمىدىكى بىر نەرسىگە ئۇرۇپ يۈزنى ۋە قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ سىلاش.

4. تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

1) بسم الله دەپ باشلاش.

2) ئارىلىقنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي كەينى-كەينىدىن تەيەممۇم قىلىش.

3) رەت تەرتىپىگە دىققەت قىلىش.

4) ئالقاننى تۇپراققا سۈرتكەندە ئاۋۋال ئالدىغا ئىتتىرىپ، ئاندىن ئارقىغا تارتىش. (يەنى ئۇغۇچ بىلەن خىمىر يايغانغا ئوخشاش.)

5) بارماقلىرىنىڭ ئارىسى ئوچۇق بولۇش.

5. تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار قايسىلار؟
1) تاھارەتنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ.
2) يېتەرلىك سۇ تېپىلسا تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ. (تەيەممۇم قىلغان كىشى سۇنى كۆرگىنىدە ۋە ياكى سۇنى ئىشلىتىشكە توسقۇنلۇق قىلغان ئەھۋاللار بىكار بولغىنىدا تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ.)

## ھېكايە:
## ئەگرى مۇنارە

ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە جامەسىنىڭ ئىنشائاتى پۈتۈپ ئىبادەتكە ئېچىلىدىغان كۈنى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇ كۈنى يېتىپ كەلگىنىدە ئىستانبۇلنىڭ ھەر تەرىپىدىن كىشىلەر بۇ تەڭداشسىز ئابىدەنىڭ ئېچىلىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جەم بولغان ئىدى.
ھەممە كىشى ھەيرانلىق بىلەن بۇ تۈرك مۆجىزىسىگە باقماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز خەلقنىڭ ئىچىدىن بىر كىچىك بالا: «قاراڭلار شۇ مۇنارىگە، بەكمۇ قىڭغىر بولۇپ قاپتۇ.» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.
ھەممە مۇنارىگە قارىدى. ئەمما بىر ئەگرىلىك كۆرەلمىدى. بالىنىڭ مۇنارىلەرنىڭ بىرسى ئەگرى بولۇپ قاپتۇ دېگىنى بۇ جامەنىڭ باش ئىنژېنىرى، ئاتاقلىق بىناكارلىق ئۇستىسى مىمار سىناننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلۇغ بىناكارلىق ئۇستىسى دەرھال كىچىك بالىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا: «بالام قايسى مۇنارە قىيسىق بولۇپ قاپتۇ ماڭا كۆرسەتكىنە؟» دېدى. بالا:
- مانا بۇ... — دەپ مۇنارىلەرنىڭ بىرسىنى كۆرسەتتى.
مىمار سىنان دەرھال ئادەملىرىنى چاقىردى. ئۇزۇن ئارغامچىلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ مۇنارىگە باغلىدى. «يۇقىرىغا تارتىڭلار!» دەپ تارتقۇزۇشقا باشلىدى. بالىغا:
- ئوغلۇم قارا مەن مۇنارىنى تۈزۈتىۋاتىمەن. سەن دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغىن. تۈز بولغاندا ماڭا ئېيتقىن.» دېدى.
ئادەملەر راستىنلا تۈزۈتىۋاتقاندەك قىلىپ ئارقاننى تارتماقتا ئىدى. بالا سەل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن:
- بولدى، مۇنارە تۈز بولدى. — دەپ ۋاقىردى. ئىشچىلار تارتىشنى توختىتىپ يوغان ئارقانلارنى يېشىشكە باشلىدى.
بۇ ئەھۋالنى باشتىن بېرى كۆرۈپ تۇرغان سىناننىڭ بىر ياردەمچىسى ھەممە كىشىنىڭ كاللىسىنى قاتتۇرىۋاتقان سۇئالنى مىمار سىنانغا سورىدى:
- ئۇلۇغ ئۇستىكارىمىز، سىز ھەممىمىزدىن ياخشى بىلىسىز. مۇنارىدە بىر قىڭغىرلىق يوق. نېمە ئۈچۈن تۈزەتمەكچى بولدىڭىز؟
مىمار سىناننىڭ جاۋابى ئەستايىدىللىقنىڭ، سەمىمىلىكنىڭ، سەۋرچانلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى:

ـ مەن مۇنارنىڭ قىڭغىر ئەمەسلىكىنى ئەلۋەتتە بىلمەن. ئەمما بالىنىڭ كالللىسىدىكى «مۇنارە ئەگرىكەن» دېگەن قاراشنى ئۆزىداق تاشلاپ قويالمايمەن. بۇ ئۇسۇل بىلەن بالىنىڭ كالللىسىدىكى «ئەگرى» دېگەن قاراشنى ئۆچۈرمەكچى بولدۇم. بولمىسا ھەممە يەردە بالا ئۆزىنىڭ باللىق ساددىلىقى بىلەن مۇنارنىڭ قىڭغىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يۈرىدۇ. كېيىن ھەقىقەتەن ئەگرى ئىكەن دېگەن قاراش ھەممە تەرەپكە تاراپ كېتىدۇ.

## تۆتىنچى باب
## ئەزان

قەدىرلىك ياشلار:
ئەزان ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمشۇمۇل باياناتىدۇر. كۈندە بەش قېتىم مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرىدىن ئېيتىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ناماز ئىبادىتى ئەسلىتىلىدۇ. نامازنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە ئەزاننى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە چەكسىز شادلىق ۋە ھۇزۇر شەكىللىنىدۇ.
1.ئەزان دېگەن نېمە؟
مۇسۇلمانلارغا ناماز ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردىغان ئىلاھىي چاقىرىقتۇر.

2. ئەزان قايسى ۋاقىتتا ئېيتىلىدۇ؟
ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئېيتىلىدۇ.

3. قايسى نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئېيتىلىدۇ؟
كۈندە بەش ۋاقىت ئوقۇلىدىغان پەرز نامازلار ۋە جۈمە نامازلىرى ئۈچۈن ئەزان ئېيتىلىدۇ.

4. ئەزان تۈركچە (ئۇيغۇرچە) ياكى باشقا بىر تىلدا ئېيتىلسا بۇلامدۇ؟
ئەزان ئىلاھىي ۋە ئالەمشۇمۇل بىر چاقىرىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى تىلى قايسى تىل بولسا شۇنداق ئېيتىلىدۇ. باشقا تىللاردا قەتئىي ئېيتىشقا بولمايدۇ.

5. ئەزاننىڭ ئەسلى تىلى قايسى؟
ئەزاننىڭ ئەسلى تىلى ئەرەبچىدۇر.

6. ئەزاننىڭ ئەرەبچە تېكىستىنى رەتكە تىزىڭ؟
الله اكبر ........................ 4 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
اشهدان لااله الاالله ............... 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
اشهدان محمدرسول الله ......... 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
حى على صلاة ................. 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

حى على الفلاح ............... 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
الله اكبر ..................... 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
لااله الاالله ..................... 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

## ھېكايە:

## يېشىل رەڭلىك كېيىم

يولدا ئۇچراشقىنىمىزدا ئەزان ئېيتىلىۋاتاتتى.

- مېنىڭ بىلەن يۈرگىن. سېنى مەسچىتكە ئېلىپ باراي. - دېدىم - بۈگۈن جۈمە كۈنى. بۇنى بىلمەسەنغۇ؟!

- سەنمۇ مېنىڭ مەسچىدكە بارمايدىغانلىقىمنى بىلمەسەنغۇ؟! — دېدى.

- بىلىمەن. ئەمما سەۋەبىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقىمەن.

- نېمە دېسەم بولار، كۆڭلۈم ھېچ تارتمايدۇ. يەنە كېلىپ ئىشتىنىمنىڭ قىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەپمۇ ئەندىشە قىلىمەن. — دېدى. ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

- چاقچاق قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن. ئادەم بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەسچىدكە بارمامدۇ؟

- مەن راست ئېيتىۋاتىمەن. كىيىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمنى بولۇپمۇ يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەسەنغۇ. — دېدى.

ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئۇ كىيىدىغان بىر-بىرىدىن ئېسىل كىيىملەرنىڭ يا توق يېشىل، يا سۇس يېشىل، ئىشقىلىپ يېشىل رەڭنى تالايتتى ۋە ھەر ۋاقىت دەزماللاپ كىيەتتى.

- ئۇنداقتا — دېدىم، - ھاياتىڭدا ھېچ مەسچىتكە بارمىدىڭمۇ؟

- بالىلىق چاغلىرىمدا بوۋام بىلەن بىر قانچە قېتىم بارغان ئىدىم. يەنە كېلىپ ئۇ ياشتا ئىشتىنىمنىڭ تېزى ئۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدىغان بىر ئەندىشەممۇ يوق ئىدى. ئەمما ھازىر مەسچىتكە بارمەن دەپ ئويلاپمۇ قويمايمەن.

ئېيتقانلىرى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىدى. شۇڭلىدەك بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. قول ئېلىشىپ ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ مەسچىتتە ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرى كەلدى. دەرھال مەسچىتكە باردىم. مەسچىتنىڭ ھويلىسىدىكى ناماز سەپلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇراتتى. ئۈستىدە يېشىل بار ئىدى. ئاستا يېنىغا باردىم ۋە پەس بىر ئاۋازدا:

- مەسچىتكە كەلمەيمەن دېگەنتىڭغۇ؟- دېدىم.

ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالمىدى. چۈنكى يېشىل رەڭلىك يۆپۈق يېپىلغان تاۋۇتنىڭ ئىچىدە ياتاتتى.

## ناماز

قەدىرلىك ياشلار:

ناماز پەقەت شەكلدىن تەركىپ تاپقان بىر ئىبادەت ئەمەس. نامازنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتى بار. بەندىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن سۆزلىشىشى ۋە پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشى نامازنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن ئىدى. ئىماندىن كېيىن پەرزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى نامازدۇر.

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىيدىلىكى ۋە پايدىسى بار. نامازنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى ئادەمنى پۈتۈن ئەسكى ۋە ناچار ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇتۇشىدۇر. ئىسلامنىڭ سىمۋۇلى نامازدۇر. بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكى ناماز ئوقۇشىدىن بىلىنىدۇ. ئەسلى نىيىتىنى پەقەت الله بىلىدۇ. قىسقىسى ناماز بىزنىڭ بەدەن ۋە روھىمىزنى تازىلايدىغان نۇردۇر.

1. ناماز قانداق ئىبادەتتۇر؟

بەدەن ۋە زېھىن بىلەن ئادا قىلىنىدىغان پەرز بىر ئىبادەتتۇر.

2. ناماز نىمە ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟

1) الله نىڭ بۇيرىقى بولغانلىقى ئۈچۈن.
2) الله غا يېقىن بولۇشنىڭ ئەڭ تەسىرلىك يولى بولغانلىقى ئۈچۈن.
3) ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغانلىقى ئۈچۈن.
4) مۆمىن بىلەن كاپىر ئارىسىدىكى پەرق ناماز بىلەن ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن.
5) ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن.
6) ھەقىقي مەنىسى بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئادەمنى ناچار ئىش-ھەرىكەتلەردىن توسىيدىغانلىقى ۋە ھاياتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسلاھ قىلغۇچىسى، تۈزەتكۈچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن.
7) ناماز پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىدە بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن.
8) ناماز ھەم بەدىنىمىزنى، ھەمدە روھىمىزنى تىنچلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن.
9) ناماز جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ناماز كىملەرگە پەرزدۇر؟

1) مۇسۇلمانلارغا.
2) ئەقىل-ھوشى جايىدا بولغانلارغا.
3) بالاغەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈن.

4. نامازغا باشلاش يېشى قانچە؟

1) 7 يېشىدىن باشلاپ نامازنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ئوقۇش.
2) 10 يېشىدىن كېيىن مەجبۇري ھالغا كەلتۈرۈش.

5. نامازنىڭ تۈرلىرى بارمۇ؟
A. پەرز نامازلار.
B. ۋاجىپ نامازلار.
C. سۈننەت نامازلار.
D. نەپلە نامازلار.

A. پەرز نامازلار
6. پەرز نامازلار قايسىلار؟
1) بىر كۈندە 5 ۋاقىت ئوقۇلىدىغان نامازلار.
2) جۈمە نامازلىرى.
3) مېيىت نامىزى (پەرز كۇپايىدۇر).

7. رەكەت دېگەن نېمە؟
نامازنىڭ تەركىبلىرىدىن بىرىدۇر.

8. بامدات نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
4 رەكەت بولۇپ:
* 2 رەكەت سۈننەت.
* 2 رەكەت پەرز.

9. پېشىن نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
10 رەكەت بولۇپ:
* 4 رەكەت ئالدىنقى سۈننەت.
* 4 رەكەت پەرز.
*2 رەكەت ئاخىرقى سۈننەت.

10. ئەسىر نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
8 رەكەت بولۇپ:
* 4 رەكەت سۈننەت.
* 4 رەكەت پەرز.

11. شام نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
5 رەكەت بولۇپ:
* 3 رەكەت پەرز.
* 2 رەكەت سۈننەت.

12. خۇپتەن نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
13 رەكەت بولۇپ:
* 4 رەكەت ئالدىنقى سۈننەت.
* 4 رەكەت پەرز.
* 2 رەكەت ئاخىرقى سۈننەت.
* 3 رەكەت ۋىتىر نامىزى (ۋاجىپ ناماز)

## نامازنىڭ پەرزلىرى

13. نامازنىڭ پەرزلىرى قانچە؟
نامازنىڭ پەرزلىرى 12 بولۇپ:
* 6 سىغا نامازنىڭ شەرتلىرى دېيىلىدۇ. (نامازنىڭ سىرتىدىكىلەر)
* 6 سىغا نامازنىڭ تەركىبلىرى دېيىلىدۇ. (نامازنىڭ ئىچىدىكىلەر)

14. نامازنىڭ شەرتلىرى قايسى؟
1) تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش: تاھارەت ۋە غۇسۇل ئېلىش.
2) نىجاسەتتىن پاكلىنىش: بەدەننى، كىيىم-كېچەكلەرنى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرنى پاكىزلاش.
3) سەترى ئەۋرەت: دىندا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن يەرلەرنى يېپىش.
4) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش: نامازنى قىبلىگە يەنى كەبىگە يۈزلىنىپ ئوقۇش.
5) ۋاقىت: ھەر بىر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش.
6) نىيەت: قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولسا شۇ ناماز ئۈچۈن نىيەت قىلىش.

15. نامازنىڭ تەركىبلىرى قايسىلار؟
1) تەكبىر تەھرىم: نامازغا باشلىغاندا تەكبىر كەلتۈرۈش.
2) قىيام: ناماز ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇش.
3) قىرائەت: نامازدا قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ئوقۇش.
4) رۇكۇ: ئىككى قولى بىلەن ئىككى تىزىنى تۇتۇپ ئېگىلىش.
5) سەجدە: يۈكۈنۈپ پىشانىسىنى يەرگە قويۇش.
6) ئاخىرقى ئولتۇرۇش: نامازنىڭ ئاخىرىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇ» نى ئوقۇش.

16. نامازغا قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟
نىيەت قىلدىم الله رازىلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى (پەرزنى) ئوقۇشقا دەپ تەكبىر ئېلىنىدۇ. (بۇ نىيەت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.)

17. تەكبىر دېگەن نېمە؟
الله اكبر دېگەنلىكتۇر.

18. تەششاھۇد دۇئاسى دېگەن نېمە؟
تۆت ۋە ئۈچ رەكەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتە ۋە ئاخىرقى رەكئەتتە ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان ئەتتاھىيياتۇ دۇئاسىدۇر.

## نامازنىڭ ۋاجىپلىرى

19. نامازنىڭ ۋاجىپلىرى قايسىلار؟
1) نامازغا الله اكبر دەپ باشلاش.
2) نامازنىڭ ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.
3) پەرز نامازلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلىرىنىڭ ھەر رەكئەتتە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ياكى ئايەت ئوقۇلىدۇ.
4) فاتىھەنى باشقا سۈرىنىڭ ئالدىدا ئوقۇش.
5) سەجدىدە پېشانە بىلەن بىرگە بۇرۇننىمۇ يەرگە تەككۈزۈش.
6) يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا سۈرىلەرنى، دۇئالارنى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇش.
7) نامازنى ئالدىرماستىن سالماقلىق بىلەن ئوقۇش.
8) ئۈچ ۋە تۆت رەكەتلىك نامازلاردا ئىككى رەكەتتە بىر ئولتۇرۇش.
9) ئالدىنقى ۋە ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتاھىيياتۇ دۇئاسىنى ئوقۇش.
10) ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.
11) ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەتنىڭ فاتىھە ۋە باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇماسلىقى.
12) جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازلاردا ئىمام بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامىزىدا فاتىھە ۋە سۈرىلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيدۇ، پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا ئىچىدە ئوقۇيدۇ.
13) ھېيت نامازلىرىدا مەخسۇس ھېيت نامىزىغا ئائىت بولغان تەكبىرلەرنى ئوقۇش.
14) نامازدىن كېيىن ئوڭغا ۋە سولغا سالام بېرىش.
15) نامازدا خاتالىشىپ قالغان بولسا سەھۋە سەجدىسى قىلىش.
16) رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئوخشاش نامازنىڭ تەركىبلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ ئاز سۇبھەنەللاھ دېگىچىلىك تۇرۇش.
17) پەرز بولغان پىئىللارنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىش، سەجدە قىلغاندا ئارىنى ئۈزۈپ قويماي ئارقا-ئارقىدىن قىلىش.
18) ئىككى قېتىمدىن كۆپ سەجدە قىلىش نامازنىڭ ۋاجىپىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن سەھۋە سەجدىسى قىلىش كېرەك.
19) نامازنىڭ ۋاجىپلىرىغا ئەمەل قىلىشمۇ ۋاجىپتۇر.

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى

20. نامازنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟
1) بەش ۋاقىت ناماز بىلەن جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ۋە قامەت ئېيتىش. (ئاياللار ئېيتمايدۇ).
2) ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.
3) تەكبىر ئالغاندا قولنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈش.
4) تەكبىر ئالغاندىن كېيىن دەرھال قوللارنى باغلاپ تۇتۇش.
5) رۇكۇدىن تۇرغاندا «سمع الله لمن حمده» دەپ كەينىدىن «ربنا لك الحمد» دېيىش.
6) پۈتۈن رەكەتلەردە «بسم الله الرحمن الرحيم» دېيىش.
7) بىرىنچى رەكەتلەردە «سبحانك» دۇئاسىنى ئوقۇش.
8) بىرىنچى رەكەتلەردە «اعوذبالله من الشيطان الرجيم» نى ئوقۇش.
9) «سبحانك» ۋە «اعوذبالله من الشيطان الرجيم» نى ئىچىدىن ئوقۇش.
10) رۇكۇغا ئېگىلگەندە «الله اكبر» دېيىش.
11) رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سبحان ربى العزيم» دېيىش.
12) قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقىنى تۆت بارماق كەڭلىكىدە تۇتۇش.
13) رۇكۇدا تىزىنى قولى بىلەن تۇتۇش.
14) رۇكۇدا بارماقلىرىنى ئېچىش (ئاياللار ئاچمايدۇ).
15) رۇكۇدا تىزىنى، بىلەكلىرىنى تۈز تۇتۇش، پۈكمەسلىك (ئاياللار بىرئاز پۈكسە بولىدۇ.)
16) رۇكۇغا ئېگىلگەندە دۈمبىسىنى تۈز تۇتۇش.
17) ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا «سبحان الله» دېگۈدەك تۇرۇش.
18) فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئامىن دېيىش.
19) سەجدىگە بارغاندا ۋە سەجدىدىن تۇرغاندا «الله اكبر» دېيىش.
20) سەجدىدە يۈزىنى قولىنىڭ ئارىلىقىغا قويۇش.
21) سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سبحان ربى العلى» دېيىش.
22) ئەرلەر سەجدىدە جەينەكلىرىنى يەرگە تەككۈزمەسلىك ۋە يوتىسىنى ئېچىش (قوسىقىغا تەككۈزمەسلىك).
23) ئاياللار سەجدىدە جەينەكلىرىنى يەرگە قويۇش ۋە يوتىسىنى ئاچماس.
24) ئەرلەر ئەتتاھىيياتۇ ئولتۇرۇشىدا ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئوڭ پۇتىنى تىكلەش، سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش.
25) ئاياللار ئولتۇرغاندا ئىككى پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ سول پاچىقى ئۈستىدە ئولتۇرۇش.
26) سالام بەرگەندە ئاۋۋال ئوڭغا، كېيىن سول تەرەپكە سالام بېرىش.

27) ئاخىرقى ئەتتاھىيياتۇ ئولتۇرۇشىدا «ئەتتاھىيياتۇ دۇئاسى» دىن كېيىن «سالاۋەت» ئوقۇش.

## نامازنىڭ مەكرۇھلىرى

21. نامازنىڭ مەكرۇھلىرى قايسى؟

1) ئەدەپكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش.
2) ئەسنەش.
3) كېرىلىش.
4) بارماقلىرىدىن قاس ـ قاس چىقىرىش.
5) ئەقلىنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىدىغان بىر ئەھۋالدا نامازغا تۇرۇش.
6) بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈش.
7) بەدىنى ياكى كىيىمى بىلەن ئويناش.
8) قولنى ئىككى يېنىغا قويۇش.
9) كىيىمنىڭ يېڭى تۈرۈلگەن ھالدا ناماز ئوقۇش (بۇنداق ناماز ئوقۇش ئاياللارنىڭ نامىزىنى بۇزىدۇ).
10) بىر سەۋەبى بولماستىن نامازدا بەدەنىنى قورۇپ ئولتۇرۇش.
11) سەجدىگە بارغاندا كىيىمىنى تارتىش.
12) پەلتىسىنى ياكى چاپىنىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ناماز ئوقۇش.
13) رۇكۇدا قولىنى تىز ئۈستىدە قويماسلىق.
14) قىيامدا سول قولنى ئوڭ قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.
15) نامازدا كۆزىنى يۇمۇش.
16) كۆزىنى يۇقىرىغا قارىتىش.
17) مەينەت جايغا يېقىن بىر يەردە ناماز ئوقۇش.
18) جانلىق بىر نەرسىنىڭ رەسىمى ئۈستىدە سەجدە قىلىش.
19) ئالدىدىكى سەپتە يەر بار ئىكەن ئارقا سەپتە تۇرۇش.
20) ناماز ئوقۇلغان يەردە ئادەم، ھايۋانات قاتارلىق جانلىقلارنىڭ رەسىمى بولۇش.
21) نامازدا بىر يەرلىرىنى تاتلاش.
22) نامازدا تەرىنى سۈرتۈش.
23) نامازدا ئەتراپىغا قاراش.
24) بىر يەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش.
25) ئىككىنچى رەكەتنى بىرىنچى رەكەتتىن ئۇزۇن ئوقۇش.
26) جامائەت ئىمام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا جامائەتكە قوشۇلماي ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇش.
27) نامازدا بىر نەرسىنى پۇراش.
28) ئىمامدىن ئاۋۋال رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش.

29) ئىمامدىن ئاۋۋال رۇكۇ ۋە سەجدىدىن تۇرۇش.
30) ئاياللارنىڭ ئەزان ۋە قامەت ئېيتىشى.
31) يادقا بىلىدىغان باشقا سۈرە بولسىمۇ ھەر ئىككى رەكەتتە ئوخشاش سۈرىنى ئوقۇش.
32) نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى قەستەن تەرك قىلىش.

## نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار

**22. نامازنى قايسى ئىش-ھەرىكەتلەر بۇزىدۇ؟**
1) نامازدا بىلىپ ياكى بىلمەستىن پاراڭلىشىش.
2) نامازدا بىر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش.
3) كۆكسىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قارىتىش.
4) نامازدا ئۆزى ئاڭلىغىدەك دەرىجىدە كۈلۈش (يېنىدىكىلەر ئاڭلىغىدەك دەرىجىدە كۈلسە تاھارىتىمۇ بۇزۇلىدۇ).
5) بىرسىگە سالام بېرىش ۋە سالام ئېلىش.
6) نامازدا دۇنيالىق ئۈچۈن يىغلاش.
7) نامازدا «ئاھ، ۋاھ» دەپ قايغۇرۇش.
8) يۆتەل كەلمىسىمۇ يۆتىلىش.
9) ئايەتنى خاتا ئوقۇپ مەنىسىنى بۇزۇش.
10) ئەر بىلەن ئايال بىر سەپتە يېقىن تۇرۇش.
11) نامازدا نامازنىڭ بىر تەركىبىنى ئادا قىلغۇچىلىك ۋاقىت ئەۋرەت يېرى ئوچۇق قالسا.
12) تەيەممۇم قىلغان بىر كىشىنىڭ نامازدا سۇ كۆرۈپ قېلىشى.
13) بامدات نامىزىنى قىلۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالسا.
14) مەسە ئۈستىگە قىلىنغان مەسھىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى.
15) نامازدا ھوشىدىن كەتسە.
16) نامازدا سىيغىز چاپىنىسا.

**23. نامازدا تەئدىل ئەركان دېگەن نىمە؟**
نامازنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرىنى، شەرتلىرىنى توغرا ۋە تەرتىپلىك ھالدا ئىجرا قىلىش، نامازنى ئالدىرماي سالماقلىق بىلەن ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

**24. ئەزان بىلەن قامەتنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟**
ئەزان: 5 ۋاقىت نامازنى ئەسلىتىش ئۈچۈن.
قامەت: ئەرلەرنىڭ پەرز نامازنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئېيتىشى كېرەك بولغان ئەزانغا قامەت دېيىلىدۇ.

**25. قامەتنىڭ ئەزاندىن پەرقى قايسى؟**

ئەزان بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، «حى على الفلاح» تىن كېيىن ئىككى قېتىم «قد قامة الصلاة» ئىلاۋىسى بار.

26. سەھۋە سەجدىسى دېگەن نېمە؟
خاتالىقنى تۈزىتىش سەجدىسى دېگەنلىك بولۇپ نامازدا ئۇنتۇپ قىلىپ بىرەر خاتالىق سادىر قىلغان بولسا سالام بەرگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قىلىنغان سەجدىدىن ئىبارەتتۇر.

27. سەھۋە سەجدىسى قايسى ھاللاردا قىلىنىدۇ؟
1) نامازنىڭ ئولتۇرۇشى كېرەك بولغان تەركىبىدە ئورنىدىن تۇرسا (تۆت رەكەتلىك نامازلاردا ئىككى رەكەتنى ئوقۇپ بولغاندىن ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئۈچىنچى رەكەتكە تۇرسا).
2) تۇرۇشى كېرەك بولغان تەركىبدە ئولتۇرسا.
3) ئۈنلۈك ئوقۇشى كېرەك بولغان يېرىدە ئىچىدىن ئوقۇسا.
4) ئىچىدىن ئوقۇشى كېرەك بولغان يېرىدە ئۈنلۈك ئوقۇسا.
5) ئايەت ئوقۇشى كېرەك بولغان يېرىدە دۇئا ئوقۇش (فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئورنىغا ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسى ئوقۇغانغا ئوخشاش).
6) نامازنى تۈگەتمەي تۇرۇپ سالام بەرسە.
7) پەرز نامازلىرىنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكەتلىرىدە فاتىھەدىن كېيىن يەنە باشقا سۈرە ئوقۇسا.
8) پەرز نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكىتىدە فاتىھەدىن كېيىن باشقا سۈرە ئوقۇمىسا.
9) ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسىنى تەرك قىلسا.

28. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇغاندىن 27 ھەسسە كۆپ ساۋاپلىق بولىدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىكنى، باراۋەرلىكنى ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتكە ئىگە.

29. جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جۈمە نامىزى بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى جايىدا پۈتۈن مۇسۇلمان ئەرلەرگە پەرزدۇر.

30. جۈمە نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
10 رەكەتتۇر:
* 4 رەكەت ئالدىنقى سۈننەت.
* 2 رەكەت پەرز.

* 4 رەكەت ئاخىرقى سۈننەت.

31. جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
1) ئەر كىشى بولۇشى (ئاياللارغا پەرز ئەمەس، خالىسا ئوقۇيالايدۇ).
2) ھۆر، ئەركىن بولۇشى.
3) ئولتۇراقلىق بولۇشى (يەنى يولۇچى، سەپەردە بولماسلىق).
4) تەن ساقلىقى ياخشى بولۇشى.
5) قارىغۇ بولماسلىقى.
6) جۈمە نامىزىغا بېرىشقا توسالغۇ بولماسلىقى.

32. جۈمە نامىزىدا خۇتبە قاچان ئوقۇلىدۇ؟
جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئىككى رەكەت پەرز نامىزىنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدۇ.

33. خۇتبە دېگەن نېمە؟
جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا مەسچىتكە توپلانغان جامائەتكە ئىبادەت مەقستى بىلەن «دۇئا ۋە نەسىھەت» قىلىشتۇر.

34. مېيىت نامىزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى نېمە؟
مېيىت نامىزى ناماز دەپ ئاتالغان بولسىمۇ ئەسلىدە ئۇ بىر «دۇئا» دىن ئىبارەتتۇر.

35. مېيىت نامىزىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟
مېيىت نامىزى پەرز كۇپايىدۇر.

36. كىملەرنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدۇ؟
1) مۇسۇلمانلارنىڭ (مۇسۇلمان ھالىتىدە جان ئۈزگەن كىشىنىڭ).
2) يۇيۇلۇپ كېپەنلەنگەن كىشىنىڭ (شېھىدلەر كېپەنلەنمىسىمۇ بولىدۇ).
3) بەدىنىنىڭ پۈتۈن ھەممىسىنىڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا بېشى بىلەن بەدىنىنىڭ يېرىمى بولغان كىشىنىڭ.

37. كىملەرنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلمايدۇ؟
1) ئۆلۈك تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ.
2) قەستەن ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ.
3) بۇلاڭچى ۋە قاراقچىلارنىڭ.
4) كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ.

28. مىيت نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟
1) مىيت نامىزىنى ئوقۇيدىغان ئىمامنىڭ جىنازىنىڭ كۆكرەك قىسمىغا تەڭ يەردە تۇرۇشى.
2) بىرىنچى تەكبىردىن «سبحانك» دۇئاسىنى ئوقۇش.
3) ئىككىنچى رەكەتتىن كېيىن «اللهم صلي و اللهم بارك» دۇئاسىنى ئوقۇش.
4) ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن مىيتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى، ماكانىنىڭ جەننەت بولۇشى ئۈچۈن دۇئا ئوقۇش.

29. يولۇچى دېگەن نېمە؟
80 كىلومېتىر ياكى تېخىمۇ يىراق مۇساپىگە سەپەرگە چىققان كىشىگە دىنىمىزدا «يولۇچى» دېيىلىدۇ.

30. سەپىرى نامازنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسى؟
4 رەكەتلىك پىشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ پەرزلىرى 2 رەكەت قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

31. يولۇچى مۇسۇلمان سۈننەتلەرنى ئوقۇسا بولامدۇ؟
ئەگەر ۋاقتى بولسا ئوقۇسا بولىدۇ.

32. يولۇچى مۇسۇلمان جۈمە نامىزىنى ئوقۇسا بۇلامدۇ؟
مەجبۇري ئەمەس. ئەمما ۋاقتى بولسا ئوقۇسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

33. كېسەل، مىيىپ ۋە نامازغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان باشقا سەۋەبلىرى بولغانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا دىنىمىزدا ئاسانلاشتۇرغۇچى ھۆكۈملەر بارمۇ؟
دىنىمىز ھەر ۋاقىت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان دىن بولغانلىقى ئۈچۈن كېسەل، مىيىپ ۋە نامازغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان باشقا سەۋەبلىرى بولغانلارغا ئولتۇرۇپ ۋەياكى ئىشارەت (باش ئىشارىتى بىلەن، بۇنىڭغا ئىمكان بولمىسا كۆز ئىشارىتى) بىلەن نامازلىرىنى ئوقۇشقا روخسەت قىلىدۇ. ئەمما قايسى سەۋەب بىلەن بولسا بولسۇن ناماز ئوقۇماسلىققا قەتئىي روخسەت قىلمايدۇ.

**ھېكايە:**

**ئاتا ۋە ئوغۇل**

خوتەندە بىر ياشانغان بوۋاي بار ئىكەن. سەي ـ كۆكتات تېرىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىنىڭ توپىسىنى ئاغدۇرماقچى بوپتۇ. ئەمما بوۋاي ياشىنىپ قالغانلىقى

ئۇچۇن بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر توختاپتۇ. يالغۇز ئوغلى داۋۇت بۇ ئىشقا ياردەمچى بولالايتى. ئەمما ئۇ تۈرمىدە ئىدى.
بۇۋاي ئوغلىغا بىر خەت يېزىپ دەردىنى ئېيتىپتۇ:
«جېنىم ئوغلۇم:
سەي ـ كۆكتات سېتىپ ئۆينىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن بېغىمىزغا سەي ـ كۆكتات تېرىماقچى ئىدىم. باغنىڭ توپىسىنى ئاغدۇرۇش ياشانغان جېنىمغا ئۆزەم يالغۇز بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئاغدۇرالماي تاشلاپ قويدۇم. ئەگەر سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ بۇ ئىشنى ئۆزەڭ قىلىشەتتى ئىدىڭ.
سېنى سېغىنىپ: داداڭ.»
بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئوغلىدىن خەت كەپتۇ:
«قەدىرلىك دادا:
الله رىزالىقى ئۈچۈن باغنى قازمىغىن. مەن ئۇيەرگە قورال ـ ياراق كۆمۈپ قويغان ئىدىم.
سېنى سېغىنىپ، ئوغلۇڭ: داۋۇت.»
ئەتىسى سەھەر ۋاقتىدا تۇيۇقسىز ئۆيگە ساقچىلار كەپتۇ. پۈتۈن باغنى كولاپ ئاغدۇرۇپ چىقىپتۇ. ئەمما قورالنىڭ سۇنۇقىمۇ ئۇچرىماپتۇ. بۇۋايدىن كەچۈرۈم سوراپ كېتىپ قاپتۇ.
ئۇ كۈنى بوۋاي ئوغلىدىن يەنە بىر پارچە بىر خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ:
«قەدىرلىك دادا:
ئەمدى كۆكتاتلارنى تېرىساڭ بولىدۇ. بۇ شەرت ـ شارائىتتا ئۆزەمنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلدىم.
سېنى سۆيۈپ، ئوغلۇڭ: داۋۇت.»

### B. ۋاجىپ نامازلار

34. ۋاجىپ نامازلار قايسىلار؟
1) ۋىتىر نامىزى.
2) ھېيت نامازلىرى.
3) باشلاپ يېرىمدا تاشلاپ قويغان نەپلە ناماز.

35. ۋىتىر نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
ۋىتىر نامىزى 3 رەكەتتۇر.

36. ۋىتىر نامىزى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ؟
خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

37. ھېيت نامازلىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟
1) روزى ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنىدە

2) قۇربان ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنىدە.

38. ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىپتۇر؟
جۈمە نامىزى ۋاجىپ بولغان كىشىگە ھېيت نامىزىمۇ ۋاجىپتۇر.

39. ھېيت نامىزى قانچە رەكەتتۇر؟
ئىككى رەكەتتۇر.

40. ھېيت نامىزىدا خۇتبە قاچان ئوقۇلىدۇ؟
ئىككى رەكەت ھېيت نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

41. تەشرىك تەكبىرلىرى قايسى ھېيتتا ئوقۇلىدۇ؟
قۇربان ھېيتتا ئوقۇلىدۇ.

42. تەشرىك تەكبىرى دېگەن نېمە؟
تەشرىك تەكبىرى الله نى ئۇلۇغلاش ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ئۈچۈن ئېيتىلغان تەكبىرلەر بولۇپ، تېكىستى: الله اكبر الله اكبر لاالله الا الله و الله اكبر الله اكبرو لله الحمد

43. ئوقۇشقا باشلاپ يېرىمدا تاشلاپ قويۇلغان نەپلە نامازنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟
پەرز ياكى ۋاجىپ بولمىغان، پەقەت الله رىزالىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇماقچى بولغان بىر كىشىنىڭ نامازغا باشلاپ نامازنى يېرىمدا تاشلاپ قويۇشى بۇ نامازنى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلىدۇ.

C. سۈننەت نامازلار

44. نەپلە (ساۋاپ) ناماز دېگەن نېمە؟
پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، ساۋاپقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇلغان نامازغا نەپلە ناماز دېيىلىدۇ.

45. سۈننەت نامازلار قانچىگە بۆلىنىدۇ؟
نەپلە نامازلار ئىككىگە بۆلىنىدۇ:
1) پەرز نامازلىرىغا ئالاقىدار ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار.
2) پەرز نامازلىرىغا ئالاقىدار بولماستىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار.

46. پەرز نامازلىرىغا ئالاقىدار ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار قايسىلار؟
1) بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى.

2) پىشىن نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى.
3) ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى.
4) شام نامىزىنىڭ سۈننىتى.
5) خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى.
6) جۈمە نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى.
7) رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ نامىزى.

47. پەرز نامازلىرىغا ئالاقىدار بولماستىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار قايسىلار؟
1) چاشكا نامىزى.
2) ئەۋۋابىن نامىزى.
3) تەھەججۇد نامىزى.
4) مەسچىد نامىزى.
5) سەپەرگە چىقىش نامىزى.
6) سەپەردىن قايتىش نامىزى.
7) ئىستىھارە نامىزى.
8) ھاجەت نامىزى.
9) تەسبىھ نامىزى.
10) تۆۋبە نامىزى.
11) يامغۇر تىلەش نامىزى.
12) تاھارەت ۋە غۇسۇلدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ناماز.

## بەشىنچى باب
## روزا تۇتۇش

قەدىرلىك ياشلار:
رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ئىسلامنىڭ بەش شەرتىدىن بىرىدۇر. روزا تۇتۇش ھەم بەدىنىمىزنىڭ ساغلاملىقى، ھەمدە زېھنىمىزنىڭ قۇۋۋەتلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىبادەتتۇر. بىر يىل بويىچە ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن چارچىغان ئاشقازىنىمىز روزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئارام ئېلىش ۋە ئۆزىنى تەكشەش ئىمكانىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتۇش بىرمۇنچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ۋۇجۇدىمىزنى تېتىك تۇتىدۇ. ئاچ قالغىنىمىز ئۈچۈن بىزدىكى مەرھەمەت، ئېچ ئاغرىتىش ۋە سەۋىر قىلىش ھېسسىياتىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەمچى بولىدۇ. ئىبادەتتە ئاساس بولغان اللە نىڭ رىزالىقىدۇر. ماددىي مەنپەئەتلەر بولسا قوشۇمچە پايدىسىدۇر.
1. نامازدىن كېيىن ساۋابى ئەڭ كۆپ بولغان ئىبادەتلەردىن بىرسى قايسىدۇر؟
روزا تۇتۇشتۇر.

2. روزا تۇتۇش دېگەن نېمە؟
سۇبهى ۋاقتىدىن ئېپتار ۋاقتىغىچىلىك الله نىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئاشلىق هالىدا ئاچ قىلىشتۇر.

3. روزا تۇتۇشنىڭ هۆكۈمى نېمە؟
روزا تۇتۇش پەرز بىر ئىبادەتتۇر.

4. روزا ئىبادىتىنىڭ ئەهمىيتى نېمە؟
روزا ئىبادىتىدە كۆز- كۆز قىلىش ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن تېخمۇ ئەهمىيەتكە ئىگە.

5. روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟
روزا تۇتۇشنىڭ ئەڭ مۇهىم ئىككى پايدىسى بار:
1) روهي پايدىلىرى.
2) بەدەني پايدىلىرى.

6. روزا تۇتۇشنىڭ روهي پايدىلىرى قايسىلار؟
1) جانابىي الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن كىشىنىڭ ئۆزىنى بەختلىك هېس قىلىشى.
2) ئاچ قىلىش ئارقىلىق سەۋىرچان بولۇشنى ئۆگىنىش.
3) ئاچىنىڭ ۋە يوقسۇلنىڭ هال- ئەهۋالىنى بىلىش.
4) روزا تۇتقان كىشىنىڭ يالغان ۋە ناچار سۆزلەردىن يىراق تۇرىشى.
5) روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاچ قالغىنىدا الله نى تېخمۇ كۆپ ياد ئېتىشى.
6) روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاچ قالغانلىقى ئۈچۈن نەپسى- خاهىشىنى كونترول قىلىشى.
7) ئاچلىق كىشىگە نېمەتلەرنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ئۆگىتىدۇ.
8) روزا تۇتۇش كىشىنى ئىقتىسادچان ۋە ئېغىر- بېسىق قىلىدۇ.

7. روزا تۇتۇشنىڭ بەدەني پايدىلىرى قايسىلار؟
1) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «روزا تۇتۇڭلار، تېنىڭلار ساغلام بولىدۇ.» دېگەن ئىدى.
2) ئاچلىقتا بەردەشلىق بەرگەن بەدەننىڭ چىدامچانلىقى كۈچىيىدۇ.
3) روزا تۇتۇش بىر مۇنچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
4) جىددىي بىر هالەتتە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئاشقازان روزا تۇتۇش بىلەن دەم ئالىدۇ.

8. روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز؟
1) مۇسۇلمانلارغا.

2) ئەقلى هوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەنلەرگە.
3) سەپەرگە چىقمىغانلارغا (يولۇچى بولمىغان كىشلەر).
4) ئاياللار روزا تۇتۇش ئۈچۈن ھەيز كىلىشتىن ۋە تۇغۇتلۇق ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك.

9. روزىنىڭ تۈرلىرى بارمۇ؟
A. پەرز روزا.
B. ۋاجىپ روزا.
C. سۈننەت روزا.
D. نەپلە روزا.

## ھېكايە:

## بىر دوست

ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئاياغلىششىغا بىر ھەپتە قالغان رۇستەم تېلېفوندا ئائىلىسىگە تېلېفون قىلىپتۇ. رۇستەم ئائىلىسىگە ئەسكەردە تونۇشۇپ يېقىن ئارىلىشىپ جان دوست بولۇشقان بىر دوستىنىڭ ئۇرۇشتا مىناغا دەسسەپ ئىككى پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچ ئۇرۇق-تۇققانلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئۇلار بىلەن بىللە تۇرسا بۇ ھەقتە قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاتا-ئانا:

- ئوغلۇم، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئاران قامداۋاتىمىز. دوستۇڭنىڭ يەنە كېلىپ ئىككى پۇتىمۇ يوق ئىكەن. ھەممىمىز بىرلىكتە قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز؟! - دەپ ۋايساپتۇ.

رۇستەم ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ بىئارام بوپتۇ. بەلكىم تەلىپىمدە چىڭ تۇرسام دوستۇم بىللە ياشاشقا ماقۇل دېيىشى مۇمكىن دېگەن ئوي بىلەن خىلى ئۇزۇنغىچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ پىكرى ئۆزگەرمەپتۇ. رۇستەم ئائىلىسىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىگە كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ ۋە تېلېفوننى قويۇپ قويۇپتۇ.

ئەسكەرلىكتىن قايتىشقا ئىككى كۈن قالغاندا قىسىمدىن كەلگەن تېلېفون بىلەن ئاتا-ئانىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى: «ئوغلۇڭلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.»

ئاتا-ئانا دەرھال ئوغلى تۇرغان ھەربىي قىسمىغا يېتىپ كەپتۇ. ئائىلە ئوغلىنىڭ جەسەدىنى كۆرگىنىدە ئىككى پۇتىنىڭ يوقلىقىنى بايقاپتۇ، ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلگەن بولسىمۇ بەكمۇ كېچىككەن ئىدى.

A. پەرز روزا

10. پەرز بولغان روزا قايسىلار؟
1) رامىزان ئېيىدا تۇتۇلغان روزا.
2) رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسى.

3) كەففارەت روزىلىرىنى تۇتۇش.

11. روزىنى سۇندۇرۇپ قازا قىلغۇزىدىغان ئەھۋاللار قايسى؟
(قازا روزا: قەستەنلىك بىلەن ئەمەس، دىققەتسىزلىكتىن سۇنغان روزا ئۇچۇن كۈنگە كۈن ھېسابلاپ تۇتىدىغان روزىدۇر.)
1) تۇپا، قەغەز، پاختىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىش.
2) بۇرنىغا دورا تېمىتىش.
3) قۇلىقىنىڭ ئىچىگە دورا تېمىتىش.
4) ئۇنتۇپ يەپ سېلىپ، روزام سۇندۇغۇ دەپ قەستەن تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇش.
5) ئۆكۈل ئۇرغۇزۇش.
6) تۇتقان روزىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي سۇنغۇزۇلۇشى.
7) ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بىلەن ئاغزىنى توشقۇزۇپ قۇسۇش.
8) تاماكىنىڭ ئىسىنى گېلىدىن ئۆتكۈزۈش.

12. روزىنى سۇندۇردىغان ھەم قازا، ھەمدە كەففارەت روزىسى تۇتۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار قايسى؟
(كەففارەت روزىسى: سۇنغان بىر روزىنىڭ ئورنىغا 60 كۈن ئارقا-ئارقىدىن روزا تۇتۇش دېمەكتۇر.)
1) روزا تۇتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن روزىسىنى سۇندۇرۇش.
2) ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى.
3) ئاغزىغا كىرگەن يامغۇر، قار ۋە مۆلدۈرنى قەستەن يۇتۇش.
4) قەستەن تاماكا ۋە چىلىم چېكىش.

13. روزىنى سۇندۇرمايدىغان ئەھۋاللار قايسى؟
1) روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېيىپ-ئىچىش. (روزىدار ئېسىگە كەلگەن ھامان دەرھال يەپ-ئىچىشتىن ۋاز كېچىش كېرەك.)
2) كۆزگە دورا تېمىتىش.
3) مەجبۇرىي قۇسۇش.
4) ئۇخلاۋاتقاندا جۇنۇپ بولۇپ قېلىش.
5) قان ئالغۇزۇش.
6) ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بولماستىن بۇرنىغا تاماكا ئىسى، تۇمان ۋە چاڭ توزاڭ كىرىپ كېتىشى.
7) قۇلىغىغا سۇ كىرىپ كەتسە.
8) گۈل قاتارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراش.
9) ئاغزىدىكى بەلغەمنى يۇتۇش.

10) مىسۋاك (چىش چوتكىسى) ئىشلىتىش. (چىش چوتكىسى چىش پاستىسىز ئىشلىتىلىشى كېرەك).

14. قايسى خىل ئەھۋاللاردا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ؟
1) كېسەل بولۇپ قالسا.
2) سەپەرگە چىقماقچى بولسا.
3) ئاياللار تۇغۇتلۇق بولسا ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان بولسا.
4) جەڭدە.
5) بەك قېرىپ كۈچ-قۇۋۋەتتىن قالغان بولسا.

15. روزىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قايسى؟
روزا تۇتۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىش كېرەك.

16. سۈبھى ۋاقتى قايسى ۋاقىتتۇر؟
سوھۇر قىلىش مۆھلىتىنىڭ تۈگىگەنلىكى روزا تۇتۇش ۋاقتى باشلانغان ۋاقىتتۇر.

17. زولۇق دېگەن نېمە؟
روزا تۇتۇش ئۈچۈن يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سۈبھى ۋاقتىغىچىلىك يېيىلگەن تاماقنىڭ ئىسمىدۇر.

B. ۋاجىپ روزا

18. ۋاجىپ بولغان روزىلار قايسىلار؟
ئاتاق روزىلىرى بىلەن سۇنغان نەپلە روزىلىرىنى تۇتۇش ۋاجىپتۇر.

C. سۈننەت روزا

19. سۈننەت روزىلىرى قايسىلار؟
قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ 13،14 ۋە 15-كۈنلىرى، مۇھەررەم ئايىنىڭ 9،10 ياكى 10،11-كۈنلىرى بىلەن ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋە رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتۇش... سۈننەت روزىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

20. روزا تۇتۇش مەكرۇھ بولغان كۈنلەر قايسى؟
مۇھەررەم ئايىنىڭ پەقەت 10-كۈنى بىلەن پەقەت جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

21. روزا تۇتۇش ھارام بولغان كۈنلەر قايسى؟
روزا ھېيتىنىڭ 1-كۈنى بىلەن قۇربان ھېيتىنىڭ 1،2،3،4-كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

22. ئاياللار قايسى خىل ئەھۋالدا روزا تۇتسا بولمايدۇ؟
ھەيز ۋە تۇغۇتلۇق مەزگىلدە روزا تۇتۇلمايدۇ.

23. پىدىيە دېگەن نېمە؟
روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ياشانغان كىشىلەر بىلەن ساقىيىشىدا ئۈمىد بولمىغان كېسەللەرنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ ھەر بىر كۈنىگە ھېسابلاپ بېرىدىغان پۇلدۇر.

24. پىتىر بىلەن پىدىيەنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟
پىتىر: ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىدىن كۆپ مېلى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن روزا ھېيتتا ياكى روزا ھېيتنىڭ هارپا كۈنى كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان سەدىقىدۇر.
پىدىيە: قېرىلىق ۋە ساقايماس كېسەلدىن تۈپەيلى تۇتالمىغان روزىلارنىڭ يېرىگە بېرىلىدىغان پۇلدۇر.

ھېكايە:

مېھمان بولماقچى بولغان ئادەم

سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم ئوردىسىدا مەجلىس ئاچماقچى بوپتۇ. ۋەزىرلىرى، ئالىملىرى، قوماندانلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى يىغىلىپ كەپتۇ. جەمىيەتنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ۋە خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كەلگەن خەلقنىڭ ئىچىدىكى بىرسى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. قىلغان سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى سۇلتاننىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپتۇ:
- سەن كىم؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟
- مەن ئىشى يوق، ئۆيى يوق بىر سەرگەندانمەن- دەپتۇ ئادەم، - ئۇچراتتىغىم يەردە قونىمەن. بۈگۈن سېنىڭدە قونۇش ئۈچۈن كەلدىم.
ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ئاچچىغى كەپتۇ. مېھمانخانا ئاچمىغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ دەك- ئۆتەك ئەمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئادەم:
- بۇ يەر مېھمانخانا ئەمەسمۇ؟- دەپ سوراپتۇ.
- بۇ يەر سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ئوردىسى.
- سېنىڭدىن ئاۋۋال بۇ يەردە كىم بار ئىدى؟
- دادام.
- ئۇنىڭدىن ئاۋۋال، ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋال؟
- بوۋام، چوك بوۋىلىرىم.
- بىرسى قونۇپ كەتكەن، يەنە بىرسى كېلىپ قونغان يەر مېھمانخانا بولماي نېمە؟
ئىبراھىم ئەدھەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاك- تاك قاپتۇ.

## ئالتىنچى باب
## زاكات

قەدىرلىك ياشلار:
ئىسلامنىڭ بەش شەرتىدىن بىرسى بولغان زاكات ئىبادىتى باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىنى تەڭشەيدىغان بىر ئىبادەتتۇر. باي مۇسۇلمانلار ئېھتىياجلىرىدىن ئارتۇق بولغان مال-مۈلكىدىن قىرىقتىن بىر پىرسەنتىنى زاكات قىلىپ بېرىدۇ. بۇ تەدبىقلاش جەمئىيەتتىكى كىشلەرنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ يېقىنلىشىشى سەۋەبىدىن جەمئىيەتتە ئۆز-ئارا ياردەم قىلىش ۋە مېھىر-شەپقەت ئەخلاقى يېيىلىدۇ.

1. زاكات دېگەن نېمە؟
پەقەتلا الله رىزاسى ئۈچۈن مىلىنىڭ ياكى پۇلىنىڭ مەلۇم مىقدارىنى مۇسۇلمان كەمبەغەل، يوقسۇلغا شەرتسىز بېرىشتۇر.

2. زاكات قانداق بىر ئىبادەتتۇر؟
ماددىي بىر ئىبادەتتۇر.

3. زاكات ئىبادىتى نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەتكە ئىگە؟
1) الله نىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن.
2) بايلارنى كەمبەغەللەرگە ياردەمچى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن.

3) جەمئىيەتتە ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش پائالىيىتى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن.
4) باي-كەمبەغەل ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن.
5) كىشلەر ئارىسىدا مېھىر-شەپقەت ئەخلاقىنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن.
6) جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتكەئىگە.

4. زاكات بېرىشنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟
زاكات بېرىش پەرزدۇر.

5. زاكات كىملەرگە پەرزدۇر؟
1) مۇسۇلمانلارغا.
2) ئەقىل-ھوشى جايىدا بولغانلارغا.
3) بالاغەتكە يەتكەنلەرگە.
4) ھۆر، ئەركىن بولغانلارغا.

5) بايلارغا (زوْروْري ئېھتىياجلىرىدىن باشقا مەلۇم مىقداراداا مال ـ مۈلككە ۋە پۇلغا ئىگە بولغانلارغا.)
6) قول ئىلكىدىكى پۇل ياكى مالنىڭ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولىشى كېرەك.

6. قايسى خىلماللارغا زاكات كېلىدۇ؟
1) ئالتۇن ۋە كۈمۈش.
2) نەق پۇل.
3) تىجارەت ماللىرى.
4) يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى كان بايلىقلىرى.
5) زىرائەت ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرى.
6) كالا، قوي ۋە ئۆشكىلەر.

7. زاكات بېرىشتىكى ئۆلچەم قايسى؟
1) ئالتۇن: ئەڭ ئاز 80 گىرام ياكى تېخىمۇ كۆپ مىقداردا.
2) كۈمۈش: ئەڭ ئاز 640 گىرام ياكى تېخىمۇ كۆپ مىقداردا.
3) پۇل: نەق پۇلنىڭ قىرىقتىن بىرى. (2.5%)
4) تىجارەت ماللىرى: ماللارنىڭ قىرىقتىن بىرى.
باشقا ماللار ۋە ھايۋانلارنىڭمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلچەملىرى بار.

8. زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟
1) پېقىر ـ يوقسۇللارغا.
2) كەمبەغەل ـ نامراتلارغا.
3) قەرزدارلارغا.
4) يولدا قالغان پاناھسىز ۋە پۇلسىز يولۇچىلارغا.
5) ئوقۇغۇچىلارغا.
6) الله يولىدىكىلەرگە (الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارغا).

9. زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟
1) بايلارغا.
2) ئاتا ـ ئانىغا (چۈنكى ئۇلارغا بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچىدۇر.)
3) چوڭ ئانا ۋە چوڭ دادىغا.
4) باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە.
5) مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە (كاپىرلارغا، يەھۇدىيلارغا، خرىستىيانلارغا، كوممۇنىستلارغا، بۇددىستلارغا.)

6) ئېرىگە ياكى خوتۇنىغا.
7) مەسجىد، كۆۋرۈك ۋە كورۇسلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا زاكات بېرىلمەيدۇ.

10. كەمبەغەللىگە زاكات بەرگەندە زاكات ئىكەنلىكىنى سۆزلەش كېرەكمۇ؟
سۆزلىمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئىچىدىن نىيەت قىلىش كېرەك.

11. زاكات بەرگەندە كىملەرنى ئالدىن كۆزدە تۇتۇش كېرەك؟
1) قېرىنداشلار (ئاكا، ھەدە، ئىنى - سىڭىل) ۋە قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى.
2) تاغا (دادىسىنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ ئاكىسى ۋە ئىنىسى)، كىچىك ئاپا (دادىسىنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسى)، ھاما (ئاپىسىنىڭ ھەدىسى ياكى سىڭلىسى).
3) يېقىن ئەتراپىدا ئولتۇرغان كەمبەغەللەر.

12. قايسىماللاردىن زاكات بېرىلمەيدۇ؟
1) ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي، ئۆيدىكى ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە سايمانلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەر.
2) ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان قاتناش ۋاستىلىرى.
3) تىجارەتكە ئىشلىتىلمىگەن ماللار.
4) ھۈنەرۋەنلەر ئىشلىتىۋاتقان سايمانلار.
5) كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجلىرى.
6) زاكات بېرىش ئۆلچىمىدىن ئاز بولغان ئالتۇن - كۈمۈش.
7) زاكات بېرىش ئۆلچىمىدىن ئاز بولغان ماللار ۋە ھايۋانلار.
8) زاكات بەرگۈچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغىنىغا بىر يىل توشمىغان پۈتۈن مال ۋە پۇللار.
9) فابرىكا، دۇكانغا ئوخشاش تىجارەت ئەسلىھەلىرى.

13. زاكات بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك مۇددەت كېرەك؟
زاكات بېرىش ئۈچۈن زاكات بېرىلىدىغان پۇلنىڭ ياكى مالنىڭ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.

14. زاكات قايسى ۋاقىتتا بېرىلىش كېرەك؟
زاكات بېرىلىدىغان مال ياكى پۇلنىڭ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەر ۋاقىت بېرىلىدۇ. (رامىزاندا بېرىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.)

## پىترە

15. پىترە دېگەن نىمە؟

ئۆزىنىڭ كۆندىلىك ئېھتىياجىدىن كۆپ مېلى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن روزا ھېيتتا ياكى روزا ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان سەدىقىدۇر.

**16. پىترە بېرىشنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟**
ۋاجىپتۇر.

**17. پىترە سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟**
پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن ئاساسلىق ئۆلچەم بىر كەمبەغەلنىڭ بىر كۈنلۈك يېمەك-ئىچمىكىدۇر. (بۈنىڭدىن باشقا خورما، ئارپا، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە بۇغدايغا ئاساسلىنىپ بەلگىلەنگەن مىقدارلىرىمۇ بار.)

**18. پىترە سەدىقىسى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟**
زاكات بېرىشكە بولىدىغان كىشىلەرگە پىترە بېرىلسە بولىدۇ.

## ھېكايە:

## كۆزى كۆرمەيدىغان باي

بىر كۈنى بىر باينىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. بارمىغان دوختۇرخانا، كۆرسەتمىگەن دوختۇر قالماپتۇ. ئەمما يەنىلا شىپا تاپالماپتۇ. بىر دوستى بۇ بايغا:
- سېنىڭ دەردىڭنىڭ چارىسىنى مەن بىلىمەن.- دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان باي چوڭ بىر ئۈمىد بىلەن:
- چاپسان ئېيتقىنە، چارىسى نېمە؟ مەن دەرھال ئورۇندايمەن. – دەپتۇ.
ئادەم باي بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىش پۇل بىلەن ھەل بولىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. دوستى:
- ھېچقانداق دەردى بولمىغان بىر كىشىنى تېپىپ ئۇنىڭ كۆينىكىنى يۈزۈڭگە سۈرتكىن. كۆزۈڭ پەقەت شۇندىلا كۆرۈشكە باشلايدۇ. – دەپتۇ.
باي ھەممە تەرەپنى ئىزدىگەن بولسىمۇ دەردى يوق كىشى تاپالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭغا يېزىدىكى مويسىپىتلار شۇنداق دەپتۇ:
- شۇ يەردە بىر تۆپىلىك بار. ئۇ يەردە بىر پادىچى بار. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن. ئۇنىڭ ھېچقانداق دەردى يوق.
باي دەرھال يولغا چىقىپتۇ. سوراپ يۈرۈپ تۆپىلىككە كەپتۇ ۋە پادىچىنى تېپىپتۇ:
- ئەسسالامۇئەلەيكۇم پادىچى، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ياخشىمۇسەن؟
- الله غا شۈكرى ياخشى. ئۆزىڭىز قانداقراق؟
- مەنمۇ ياخشى. پەقەت بىر دەردىم، قىيىنچىلىقىم بار.
- دەردىڭىز نېمە؟ قولىمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا سىزدىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

ـ سىنىڭ ھېچقانداق دەردىڭ يوق ئىكەن. بۇ گەپ توغرىمۇ؟ ئەگەر توغرا بولسا ماڭا ياردىمىڭ تېگىدۇ.
ـ توغرا. مېنىڭ ھېچقانداق دەردىم يوق. ئېيتىپ بېقىڭ، سىزگە قانداق ياردەمچى بولالايمەن؟
ـ سىنىڭ دەردىڭ يوق ئىكەن. ئۇنداقتا شۇ كۆينىكىڭنى بەرگىن. كۆزۈمگە سۈرەي، كۆزلىرىم ئېچىلسۇن.
پادىچى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە دەپتۇ:
ـ شۇنداق بولسىغۇ بولاتتى. ئەمما مېنىڭ كۆينىكىم يوق.

## يەتتىنچى باب
## ھەج

قەدىرلىك ياشلار:
بىر مۇسۇلمان ناماز قىلىش ئارقىلىق مەنىۋي ھاياتى كۈچلىنىدۇ، روزا تۇتۇش ئارقىلىق ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن پاكلىنىدۇ، زاكات بېرىش ئارقىلىق قەلبىگە مېھىر ـ شەپقەت تۇيغۇسى ئورنايدۇ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى الله غا ئاتايدۇ.
دۇنيانىڭ ھەر خىل دۆلەتلىرىدىن كېلىپ بىر يەرگە توپلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ يىگانە غايە ئەتراپىدا كەبىدە ۋە ئاراپاتتا جۇغلىنىپ، ئوخشاش كىيىمگە پۈركىنىشلىرى ئۆلگەندىن كېيىن الله نىڭ ھوزۇرىغا چىقىشىنىڭ گويا بىر رەپىتىسىدۇر.
جانابى الله ھەج پەرزىنى ھەقىقىي مەنىسى ئۇيغۇن شەكىلدە بىجا كەلتۈرگەنلەرنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ ۋەدە نىمىدېگەن چوڭ ئىمكان ـ ھە!. ئەسلىدە ھەج ئىبادىتىنى بىجا كەلتۈرۈش دېگەنلىك بىر مېھماننىڭ گۇناھلىرىدىن پاكىزلىنىشى ۋە يېڭىدىن تۇغۇلۇشى دېمەكتۇر.
1. ھەج دېگەن نىمە؟
بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىتتا ئىبادەت مەقسىتى بىلەن مەككە شەھرىدىكى كەبىنى، ئاراپاتنى ۋە ئەتراپىدىكى مۇقەددەس يەرلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرسەتكەن قائىدىگە ئۇيغۇن بىر ھالەتتە زىيارەت قىلىش، ئادا قىلىش كېرەك بولغان باشقا ئىبادەتلەرنى بىجا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر.

2. ھەجنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟
1) ھەج ئىبادىتى ئىسلامنىڭ ۋە پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ بىر خۇلاسىسىدۇر.
2) ھەج ئىبادىتىنى ھەقىقىي روھىغا ئۇيغۇن بىجا كەلتۈرگەنلەرنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.
3) سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئىسلام دىنى تارقالغان مۇقەددەس يەرلەرنى كۆرۈش كىشىنى مەنىۋي جەھەتتە كۈچلەندۈرىدۇ.
4) ئىنسانىنىڭ دىنىي ھىسسىياتىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ.

5) پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاش كىيىمگە پۈركىنىپ توپلىنىشى «مەھشەر كۈنى» نى ئەسلىتىدۇ.
6) پۈتۈن مۇسۇلمانلار پەقەت بىر غايە ئۈچۈن بىرىيەرگە كېلىدۇ.
7) ئىسلام قېرىنداشلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.
8) مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە-يۇسۇن ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ئاشۇرىدۇ.
9) ھەج ئىبادىتى ئىنسانغا دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

3. ھەج ئىبادىتى قانداق بىر ئىبادەتتۇر؟
ھەم بەدەن، ھەمدە مال بىلەن قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر.

4. ھەج كىملەرگە پەرزدۇر؟
1) مۇسۇلمانلارغا.
2) بالاغەتكە يەتكەنلەرگە.
3) ھۆر، ئەركىن بولغانلارغا.
4) يول خىراجىتىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە ماددىي ئىمكانىي بولۇش كېرەك.
5) ئەقىل ھوشى جايىدا بولۇش كېرەك.
6) تېنى ساغلام بولۇش كېرەك.
7) يول بىخەتەر بولۇش كېرەك.

5. ھەج ئىبادىتى قاچان ئادا كەلتۈرىلىدۇ؟
ھەج ئىبادىتى قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى، ھارپا ۋە ھېيت كۈنلىرى بولۇپ جەمئىي 5 كۈن ئىچىدە ئادا قىلىنىدۇ. (بۇ مۇددەتنىڭ سىرتىدا قىلىنغان ھەج زىيارىتىگە ئۆمرە دېيىلىدۇ.)

6. ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن نېمە قىلىش كېرەك؟
1) ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن ئالاقىدار ئىسلامىي قائىدە-قۇراللارنى ئالدىن ئۆگىنىش كېرەك.
2) ھەجگە بېرىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۇل ھالال يولدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك.
3) قەرزى بولسا ئۆتەش كېرەك.
4) خوشنىلىرى، تۇققانلىرى ۋە قەرز ئىگىلىرىدىن ئايرىم-ئايرىم رازىلىق ئېلىش كېرەك.
5) باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش كېرەك.

7. ھەج ئىبادىتى قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟
1) مىقات دەپ ئاتىلىدىغان يەردە (ئېھرامغا كىرىلىدىغان يەرلەرگە مىقات دېيىلىدۇ) ئېھرامغا كىرىلىدۇ. (ئېھرام: ئىككى پارچە تىكىلمىگەن رەختتۇر.)

ئايالالار ئېھرامى ئۆزىنىڭ ئادەتتە كىيىدىغان ئىسلامغا ئۇيغۇن كىيىمدۇر.
2) ھەج قىلىشقا نىيەت قىلىنىدۇ ۋە «لەبەيكە» دۇئاسى ئوقۇلىدۇ.
3) ھاجىلار مەككىگە بارغىنىدا كەبىنى 7 قېتىم تاۋاب قىلىدۇ.
4) تاۋابتىن كېيىن ئىككى رەكەت تاۋاب نامىزى ئوقۇلىدۇ.
5) ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا تەرتىپىكە رىئايە قىلغان ھالدا تۆت قېتىم بېرىپ، ئۈچ قېتىم قايتىپ كېلىنىدۇ.
6) قۇربان ھېيتىدىن بىر كۈن ئاۋۋال ھارپا كۈنىدە ئاراپات دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە بارىلىدۇ. (بۇ يەردە ئاخشامغىچىلىك تۇرىلىدۇ.)
7) ئاراپاتتىن كېيىن ئاخشىمى مۇزدەلىفە دېگەن يەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېيت كۈنى سەھەردە مىنا رايونىغا بارىلىدۇ.
8) قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىنادا سىمۋوللى بىر شەكىلدە چوڭ شەيتاننى تاشلىغاندىن كېيىن الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق سويىدۇ.
9) ھېيتنىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە كەبىدە پەرز تاۋاب قىلىنىدۇ. (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نەزەرىيىۋى مەلۇماتلار بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر يەرنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىدا بەلگىلەنگەن پەرزلىرى، ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بار.)

8. كەبە نېمە ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟
يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىبادەتگاھ، الله نىڭ ئۆيى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ھېكايە:
## ئارقىغا يانغاندا

ئىمام نەسەفى شۇنداق دەيدۇ:
بىر ئەۋلىيا ھەجگە بېرىپتۇ. ئاراپاتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى پەرق قىلىپتۇ. ئۇ نەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارقىغا يانغىنىدا ئاراپاتتا يىلانلار، چايانلار، مايمۇنلار، ھەرخىل قورقۇنچ ھايۋانلار ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئەۋلىيا بەكمۇ قورقۇپتۇ ۋە دەل ئارقىغا يېنىپ كەتمەكچى بولغىنىدا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:
- قورقمىغىن، قورقمىغىن!... بىز ھاجىلارنىڭ گۇناھى! بىزنى بۇيەردە تاشلاپ پاك-پاكىز بولۇپ مەملىكەتلىرىگە قايتىپ كەتتى.
ئەۋلىيا ئۇنتۇپ قالغان ئەشياسىنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئارقىغا قايتىپتۇ. سەپەرداشلىرىغا يېرىم يولدا يېتىشىۋاپتۇ.

### ئۆمرە
9. ئۆمرە دېگەن نېمە؟

ھەج مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا دىندا بەلگىلەنگەن قائىدە- پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلغان ھالدا مىقاتتىن ئېھرام كىيگەندىن كېيىن كەبىنى 7 قېتىم تاۋاب قىلىشقا، ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا ئايلىنىشقا ۋە ئاندىن كېيىن چىچىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئېھرامدىن چىقىشقا ئۆمرە دەپ ئاتىلىدۇ.

**10. ئۆمرەنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟**
ئۆمرە قىلىش سۈننەتتۇر.

**11. ئۆمرە قاچان قىلىنىدۇ؟**
ئۆمرە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر مۇددەت يوق. قۇربان ھېيتىدىن باشقا ھەر قانداق مەزگىلدە ئۆمرە قىلسا بولىدۇ. رامىزان ئېيىدا ئۆمرە قىلىنسا تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

ھېكايە:

كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم

ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قاتتىق داۋاملىشىۋاتقان كۈنلىرىدىن بىر كۈن ئىدى. بىر ئەسكەر ئەڭ يېقىن دوستىنىڭ بىر قانچە 10 مېتىر ئالدىدا قانغا مىلىنىپ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆردى. ئەتراپتا ئادەمنىڭ بېشىنى ئىستىھكامدىن كۆتۈرۈشكىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتتە ئوق يېغىۋاتاتتى.

ئەسكەر كوماندىرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

- كوماندىرىم، يۈگۈرۈپ بېرىپ دوستۇمنى ئېلىپ كەلسەم بولامدۇ؟- دېدى.

كوماندىر ھەيران بولۇپ:

- سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ دوستۇڭنىڭ ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بەلكىم ئاللىقاچان ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.. ھاياتىڭنى تەھلىكىگە ئېتىشىڭغا ئەرزىمەيدۇ!

ئەسكەر يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. كوماندىر:

- ماقۇل، بارساڭ بار!

ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر مۆجىزە! ئەسكەر يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئاستىدا دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇنى ھاپاش قىلىپ يۈدۈپ قايتىپ كەپتۇ. بىرلىكتە ئىستىھكامنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. كوماندىر قانغا مىلىنىپ ياتقان ئەسكەرنى تەكشۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئىستىھكامغا ئېلىپ كەلگەن دوستىغا قاراپ:

- ساڭا ھاياتىڭنى تەھلىكىگە ئېتىشىڭغا ئەرزىمەس دېگەن ئىدىم، قارىغىنە ئۆلۈپتۇ.

- ئەرزىدى كوماندىرىم. — دەپتۇ ئەسكەر. كوماندىر:

- قانداقسىغا ئەرزىدى؟ بۇ ئادەم ئۆلۈپتۇ كۆرمىدىڭمۇ؟

ئەسكەر جاۋاب بېرىپتۇ:

- يەنىلا ئەرزىدى كوماندىرىم! چۈنكى يېنىغا بارغىنىمدا تېخىچە ھاياتتا ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاش مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ئىدى.

دوستىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ تەكرارلىدى:

- كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم!... كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم!...

## قۇربانلىق

قەدىرلىك ياشلار:

ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن دۇنيادا ھەر كۈن مىليونلىغان ھايۋانلار سويىلىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت ئىقتىسادىي كۈچى بار كىشىلەر پايدىلىنىدۇ. ئەمما قۇربان ھېيتىدا سويۇلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن، تېرىلىرىدىن بىرمۇنچە كەمبەغەل، يوقسۇل پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك قۇربانلىق قېنى ئاققۇزۇش بىزنى اللە غا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر ئىبادەت ئۇسۇلىدۇر. بىر يىل بويىچە بىزگە ئۇچرايدىغان مۇسىبەتلەردىن، بالا ۋە قازالاردىن قۇتۇلىشىمىزغا ۋاستە بولىدۇ.

1. قۇربانلىق دېگەن نېمە؟

قوي، ئۆشكە، كالا ۋە تۆگە تۇركۇمىدىكى بىر ھايۋاننى قۇربان ھېيتىدا ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئىسلامىي پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن ھالدا سويۇش قۇربانلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

2. قۇربانلىق سويۇشنىڭ دىنىي ھۆكۈمى نېمە؟

قۇربانلىق سويۇش ۋاجىپتۇر.

3. قۇربانلىق سويۇش كىملەرگە ۋاجىپتۇر؟

1) مۇسۇلمانلارغا.
2) ھۆر، ئەركىن بولغانلارغا.
3) ئەقىل-ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەنلەرگە.
4) ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغانلارغا.
5) بىر جايدا مۇقىم ياشايدىغانلارغا (سەپەرگە چىقمىغانلارغا).

4. قۇربانلىق قايسى ۋاقىتتا سويۇلىدۇ؟

قۇربان ھېيتىنىڭ 3،2،1-كۈنلىرى سويۇلىدۇ.

5. قۇربانلىق سويۇشتىكى مەقسەت نېمە؟

1) اللە نىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرۈشتۇر.
2) اللە يولىدا ھەرقانداق پىداكارلىقتىن چېكىنمەسلىكتۇر.
3) اللە نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشتۇر.
4) بالا-قازالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

5) كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشتۇر.

6. قايسى هايۋانلاردىن قۇربانلىق سويۇشقا بولىدۇ؟
تۆت تۈركۈمدىكى ئۆي هايۋانلىرىدىن قۇربانلىق سويۇشقا بولىدۇ:
1) قوي.
2) ئۆشكە.
3) كالا (توپاق، ئۆكۈز، سۇ كالىسى، سىيىرغا ئوخشاش كالا تۈركۈمدىكىلەر.)
4) تۆگە.

7. قانچە خىل قۇربانلىق سۇيۇش بار؟
يىلدا بىر قېتىم ۋاجىب بولغان قۇربانلىقتىن باشقا ئۈچ خىل قۇربانلىق سويۇش بار:
1) ئاتاق قۇربانلىقى: «شۇ ئىشىم ئەمەلگە ئاشسا بىر قۇربانلىق سويۇمەن» دەپ ئاتىغان كىشىنىڭ ئەگەر ئۇ ئىشى ئەمەلگە ئاشسا قۇربانلىق سويۇشى ۋاجىپتۇر. (بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۆزى ۋە يېقىنلىرى يېيەلمەيدۇ.)
2) ئەقىيقە قۇربانلىقى: ئوغۇل پەرزەنتى تۇغۇلسا 2، قىز پەرزەنتى تۇغۇلسا 1 قوي سۇيۇش سۈننەتتۇر. (بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆزى ۋە تۇققانلىرى يېسە بولىدۇ.)
3) نەپلە قۇربانلىقى: الله رىزالىقى ئۈچۈن، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن سويۇلغان قۇربانلىق. (بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى، تونۇش ـ بىلىشلىرى يېسە بولىدۇ.)

8. قۇربانلىقنى شېرىك بولۇپ سۇيۇشقا بولامدۇ؟
قوي ۋە ئۆچكىدە شېرىك بولۇشقا بولمايدۇ. (بۇلار بىر كىشىلىكتۇر.) كالا، توپاق، ئۆكۈز، سۇكالىسى ۋە تۆگىدە شېرىك بولۇشقا بولىدۇ. (ئەڭ كۆپ 7 كىشى شېرىكلىشىپ بىر قۇربانلىق سويسا بولىدۇ.)

9. باشقىسىنىڭ نامىغا قۇربانلىق سويۇشقا بولامدۇ؟
كىشىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ۋاكالەتەن سويسا بولىدۇ.

10. قايسى خىل هايۋانلاردىن قۇربانلىق سۇيۇشقا بولمايدۇ؟
1) بىر ياكى ئىككى كۆزى كۆرمەيدىغان هايۋان.
2) ئورۇقلاپ قۇۋۇرغىسى چىقىپ قالغان.
3) سويىدىغان يەرگە بارالمايدىغان دەرىجىدە ئاقساق بولغان.
4) قۇلىقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپى پۇچۇق بولغان.
5) بۇرنى كېسىلىپ كەتكەن.
6) چىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۆكۈلۈپ كەتكەن.

7) مۈڭگۈزىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى تۇۋىدىن سۇنۇپ كەتكەن.
8) ئۆلۈپ قالغىدەك كېسەلگە گىرىپتار بولغان.
9) زەكەر ۋە ئەمچەكلىرىنىڭ ئۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەن.
10) بىر ياشقا كىرمىگەن قوي ۋە ئۆشكە، ئىككى ياشقا كىرمىگەن سۇ كالىسى، ئۆكۈز، كالا، توپاق، 5 ياشقا كىرمىگەن تۆگىنى قوربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

## 11. قۇربانلىق گۆش قانداق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ؟

قۇربانلىق گۆش ئۈچ پارچىغا بۆلىنىدۇ:
1) قۇربانلىق سويغان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە.
2) ئۇرۇق ـ تۇققان، تونۇش ـ بىلىش ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرگە.
3) كەمبەغەل، يوقسۇللارغا بېرىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

### ھېكايە:

### ئاجايىپ تاماق

ئاشپەزلىككە ئۇستىلىقى بىلەن ئەتراپتا داڭقى بولغان بىر ياشانغان ئايال كەچلىك تاماققا چاقىرغان ئوغلى ۋە يېڭى كېلىنى ئۈچۈن ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق ئېتىۋاتاتتى. بۇ كەچلىك تاماققا بىر كونا دوستىنىمۇ چاقىرغان ئىدى.

مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرغىنىدا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ھەيران قالدى. ياشانغان ئايالنىڭ كەچلىك تاماق ئۈچۈن ئەتكەن پولۇسى داڭلىق نەپىسى بالا تويمىغورلارنىڭمۇ ئىشتىيىنى تۇتۇلدۇردىغان دەرىجىدە ناچار ئىدى. گۈرۈچ خام پىشمىغان ئىدى، سەۋزىلەر كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، گۆشلەر ئوبدان پىشمىغان بولۇپ قان تېمىپ تۇراتتى. ئوغلى، يېڭى كېلىنى ۋە كونا دوستى ئايالغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ئۆزلىرىنى تاماققا زورلىغان بولسىمۇ تاماقنىڭ ھەزىم قىلىشتا خېلىلا قىيىنىلىپتۇ.

ئاخىرىدا تاماق تۈگەپتۇ ۋە يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىت ئاپىسىغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كونا دوستى بولسا بىر ئاز ئولتۇرۇپ ئاندىن قايتماقچى بوپتۇ. ئوغۇل بىلەن كېلىن كەتكەندىن كېيىن ياشانغان ئايالغا:

ـ سېنىڭ تاماققا ئۇستا بىر ئايال ئىكەنلىكىڭنى ياخشى بىلىمەن. ئېيتقىنا ماڭا، بۈگۈنكى كەچلىك تاماق نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ناچار ئىدى؟ مېنىڭچە سەن يا كېسەل، ياكى بولمىسا بۇنىڭدا بىر مەسىلە بار. – دەپتۇ.

ياشانغان ئايال كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ياق، ھېچقانداق مەسىلە يوق. قەستەن مۇنداق تاماق ئەتتىم. بۇ تاماقتىن كېيىن ئوغلۇم ھەرگىزمۇ ھەر قېتىم ئانىسىنىڭ تاماقلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ.

## سەككىزىنچى باب
## مۇبارەك كۈنلەر ۋە كېچىلەر

قەدىرلىك ياشلار:

مۇبارەك كۈن ۋە كېچىلەر الله نىڭ بەندىلىرىگە ھەدىيە قىلغان بىر زىياپىتىدۇر. بۇ مۇبارەك كۈن ۋە كېچىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلەنمەكتە. بۇ كۈنلەر ۋە كېچىلەر دۇئا، ئىبادەت، زىيارەت ۋە ياردەملىشىش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە سوۋغا، ھەدىيە بېرىپ ئەڭ گۈزەل ھېسياتلىرىنى ۋە تۇيغۇلىرىنى ئورتاقلىشىدۇ. ئاتا-ئانا ۋە چوڭلارنى يوقلاپ زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدۇ، بىر-بىرى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالغانلارنى ياراشتۇرىلىدۇ، دۈشمەنلىشىپ قالغانلار ۋە تۇققانلار ئارىسىدا ئۆزئارا ھەدىيە بېرىدۇ. جەمئىيەتتىكى بۇ شادلىق دىنىي ۋە مىللىي ئاڭنى كۈچەيتىدۇ. مۇسۇلمانلار الله غا ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ خوشاللىقىدا شادلىقتا چۆمىدۇ.

1. مۇبارەك كۈن ۋە كېچىلەر قايسىلار؟

1) جۈمە كۈنى: جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر بايرام كۈنىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر يەرگە توپلىنىپ بىرلىك ۋە ئىتتىپاق ئىچىدە ياشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

2) روزا ھېيت: بىر ئاي بويىچە تۇتۇلغان روزا ئارقىلىق پاكلانغاندىن كېيىن كىشىلەر بىر-بىرلىرىنى يوقلاپ شادلىقىنى ئورتاقلىشىدۇ.

3) قۇربان ھېيت: الله ئۈچۈن سويۇلغان قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىنىڭ ئىكرام قىلىش بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلار دوستلۇقلىرىنى ۋە خوشاللىقىنى ئورتاقلىشىدۇ.

4) قەدىر كېچىسى: قۇرئان نازىل بولغان، مىڭ يىلدىن ئېشىمۇ خەيرلىك بولغان بىر كېچىدۇر. رامىزان ئېيىنىڭ 27-كېچىسىدۇر.

## توققۇزىنچى باب
## ئۇمۇمىي دىنىي مەلۇماتلار

قەدىرلىك ياشلار:

بۇ يەرگىچىلىك دىنىمىزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلارنى سوئال-جاۋاب مېتودى بىلەن ئۆگەندۇق. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ مېتود بىلەن دىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆگىنىمىز.

ئادەم تۇرمۇشى جەھەتتە دىنغا مۇھتاجدۇر. بۇ ئەھۋال ئىنسانىيەتنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر رېئاللىقىدۇر. بۇ ئېھتىياج ئاۋۋال ئۇمۇمىي، كېيىن تەپسىلىي قاندۇرۇلسا توغرا ۋە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي مەسىلىلەردە توغرا ۋە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر.

1. ئىسلام دىنىنى توغرا ۋە يېتەرلىك ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك؟

1) ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش كېرەك.

2) ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇشى كېرەك.
3) ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى باشقىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش كېرەك.

2. بىر مۇسۇلماننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نېمە؟
ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە ياشاشتۇر.

3. ئىسلام قانداق بىر دىندۇر؟
ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس بىر بايلىقىدۇر. ئىنسانلار ئىسلامغا تەسلىم بولۇش ئارقىلىق خاتىرجەم ۋە بەختىيار بولىدىغان بىر دىندۇر.

4. ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى نېمە؟
الله نىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن ئىش-ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرمەكتۇر.

5. ئادەمنىڭ يارىتىلىشتىكى غايە نېمە؟
ئادەمنىڭ يارىتىلىشتىكى غايىسى الله نى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر.

6. نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟
الله غا قۇللۇق ۋە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز.

7. ئىبادەت ئىنسانىنى نىمىگە ئېرىشتۈرىدۇ؟
1) بەختكە.
2) خاتىرجەملىككە.
3) ناچار ئىش-ھەرىكەتلەردىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

8. جانابى الله ھالال ۋە ھارامنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟
بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن.

9. بىز كىمنىڭ نەسلى؟
بىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى.

10. بىز كىمنىڭ مىللىتىدىن؟
بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىدىن.

11. بىز كىمنىڭ ئۈممىتىدىن؟

بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن.

12. ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كىم؟
پۈتۈن ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە ئەسكىلىكلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان شەيتاندۇر.

13. شەيتاندىن ۋە ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟
ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىش كېرەك.

14. دۇنيا ھاياتى قانداق بىر ھاياتتۇر؟
دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى بىر ھاياتتۇر.

15. ئەبەدىي، مەڭگۈلۈك بولغان ھايات قايسى؟
ئەبەدىي، مەڭگۈلۈك بولغان ھايات ئاخىرەت دۇنياسىدۇر.

16. دىن ۋە پەيغەمبەرلەر نېمە ئۈچۈن ئەۋەرتىلدى؟
ئىنسانلارنىڭ توغرا ۋە خاتانى پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن ئەۋەرتىلدى.

17. قۇرئاننى قانداق قىلغاندا ياخشى ۋە توغرا چۈشىنەلەيمىز؟
ئاۋۋال قۇرئانغا ئىشىنىش، ئاندىن كېيىن ئۇقۇش كېرەك.

18. قۇرئان قانداق بىر كىتابتۇر؟
قۇرئان ئەسىرلەرگە خىتاب قىلىدىغان، كونىرىمايدىغان ۋە ئۆزگەرمەيدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

19. ئىسلام دىنىنىڭ مەنبەلىرى قايسىلار؟
1) قۇرئان.
2) سۈننەت.
3) ئىجمائ (ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر).
4) قىياس (ئىسلام ئالىملىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق قىلغان ئىزاھاتلىرى).

20. الله مەنئىي قىلغان ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟
الله غا شېرىك كەلتۈرۈش.

21. ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟

تەكرار تىرىلىدۇ.

22. تەكرار تىرىلىش نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
قىيامەت كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ.

23. ئىنسانلار تىرىلگەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟
ئىنسانلار دۇنيادا ياشىغان ۋاقىتىدا قىلغان ياخشىلىق ۋە ئەسكىلىكلىرى سىلىشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن جەننەتلىكلەر ۋە جەھەننەملىكلەر بەلگىلىنىدۇ.

24. قىيامەت كۈنى ئىنسانلارغا نېمىلەردىن ھساب سورىلىدۇ؟
1) ئۆمۈرنى قەيەردە ئۆتكۈزگەنلىكى،
2) بەدىنىنى قەيەردە ئۇپراتقانلىقى،
3) مال ـ مۈلكىنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە خەجلىگەنلىكى،
4) بىلگەنلىرىگە قانچىلىك ئەمەل قىلغانلىقى.

25. گۇناھ قىلىپ قويۇپ پۇشايمان بولغان قانداق قىلىش كېرەك؟
الله دىن ئەپۇ سوراپ ئۇنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى يەنى تۆۋبە قىلىشى كېرەك.

26. ئىسلام پەقەت ئاخىرەت دىنىمۇ؟
ئىسلام ھەم ئاخىرەت بىلىمىنى، ھەمدە دۇنيا بىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەۋىر ھالقىغان بىر دىندۇر.

27. مۇسۇلمان قاچان كاپىر، قاچان گۇناھكار بولىدۇ؟
الله نىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىنكار قىلغىنىدا كاپىر، هورۇنلۇق قىلىپ بىجا كەلتۈرمىگەندە گۇناھكار بولىدۇ.

28. الله ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇدات قىلىپ كىمنى ياراتتى؟
ئىنسانىنى ياراتتى.

## ئونىنچى باب

## رەھبەرىمىز، يولباشچىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

قەدىرلىك ياشلار:
ئىنسانىيەتنى ھۆرلۈككە ۋە ھوزۇرغا ئېرىشتۈرگەن ئىككى جاھان قۇياشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئاددىي بىر ھايات ئەمەس. تۇغۇلۇشىدىن ئۆلۈمىگىچە ئۆتكەن مۇددەت ئىچىدىكى ئەخلاقىي، مۇھەببىتى، مەرھەمىتى، ياردەملىشىشى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، سەۋر- تاقىتى، جەسۇر، قورقماس، باتۇرلۇقى ۋە كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەممىمىزنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.
بىزنىڭ سىلەرگە بەرگەن مەلۇماتلىرىمىز قىسقا ۋە خۇلاسە مەلۇماتلاردۇر. مۇھىم بولغان يەرلەرنى بىلىشنى ئاساس قىلغاندۇر. ئاساسىنى بىلىش ئۈچۈن تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئېھتىياج بار. سۇئال- جاۋاب مىتودى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئۇمۇمىي مەلۇماتلاردىن كېيىن تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ئۆگىنىشكىلار كېرەك. بۇ ئۆگىنىش تەرتىپتىن كېيىن الله ۋە پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ئېتىقادىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ھەقىقىي مەنىسىگە يېتىدۇ.

1. پۈتۈن يارىتىلغان مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئەڭ ئۇلۇغى كىم؟
ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

2. پەيغەمبەر ئۈچۈن ئېيتىلغان باشقا ئىسىملار بارمۇ؟
رەسۇل، نەبى ۋە ئەلچى ئىسىملىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى ۋاقىتتا، نەدە تۇغۇلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىي 571- يىلى 4- ئاينىڭ 20- كۈنىدە، رەبىئۇل ئەۋۋال ئاينىڭ 12- كۈنىدە دۈشەنبە كۈنى سەھەردە مەككىدە تۇغۇلدى.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى، ئانىسى ۋە يوۋىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟
1) دادىسى: ئابدۇللاھ،
2) ئانىسى: ئامىنە،
3) بوۋىسى: ئابدۇلمۇتەللىپ.

5. سۈت ئانىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟
سۈت ئانىسىنىڭ ئىسمى: ھەلىمە.

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى قەبىلىدىن؟
قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىمىيە ئايمىقىدىن.

7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى قايسى؟
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدۇر.

8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى قاچان ۋاپات قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن 2 ئاي بۇرۇن ۋاپات قىلدى.

9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى قاچان ۋاپات قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 6 ياش ۋاقتىدا ۋاپات قىلدى.

10. يېتىم قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىم باقتى؟
6 يېشىدا يېتىم قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشتا بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ باقتى. كېيىن تاغىسى ئەبۇتالىپ باقتى.

11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتى؟
تىجارەت قىلاتتى.

12. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن جەمئىيەتتە قانداق بىلىنەتتى؟
مۇھەممەد ئەمىن يەنى ئىشەنچىلىك مۇھەممەد دەپ بىلىنەتتى.

13. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە يېشىدا، كىم بىلەن توي قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا 40 ياشلىق ھەزرىتى خەتىجە بىلەن توي قىلدى.

14. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە پەرزەنتى بار ئىدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 7 پەرزەنتى بار ئىدى. 6 سى خەتىجە ئانىمىزدىن، بىرسى مىسىرلىق ئايالى مارىيە ئانىمىزدىن تۇغۇلغان ئىدى.

15. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى نېمە؟
1) قىزلىرى: زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇگۇلسۇم ۋە پاتىمە.
2) ئوغۇللىرى: قاسىم، ئابدۇللاھ ۋە ئىبراھىيم.

16. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى بارمۇ ئىدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى نەۋرىسى بار ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۆسەيىن.

17. ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۆسەيىن كىمنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى؟
ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى پاتىمەنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.

18. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياش ئايالى كىم؟
ئائىشە ئانىمىزدۇر.

19. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك قاچان، قەيەردە كەلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك مىلادىيە 610 –يىلىنىڭ 17. كۈنى دۈشەنبە كېچىسى ھىرا تېغىدىكى بىر غارادا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىدا كەلدى.

20. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگىنىدە قانچە ياشتا ئىدى؟
40 ياشتا ئىدى.

21. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى كەلگەن ۋەھيى ۋە شۇنىڭدەك پەرمان قايسى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى كەلگەن ۋەھيى ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى 5 ئايىتى بولغان «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» پەرمانىدۇر.

22. الله نىڭ پەرمانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىم يەتكۈزەتتى؟
جىبرىيل ئەلەيھىسسالام يەتكۈزەتتى.

23. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان كىم؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان ئايالى ھەزرىتى خەتىجە ئانىمىز ئىدى.

24. ھەزرىتى خەتىجە ئانىمىزدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان كىملەر؟
ئۆسمۈرلەردىن ھەزرىتى ئەلى، قۇللاردىن زەيد بىن ھارىس، چوڭلاردىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىدى.

25. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا مەككە خەلقى قانداق پوزىتسىيە بىلدۈردى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا مەككە مۇشرىكلىرى شىددەتلىك قارشى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى.

26. مۇشرىكلەرنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى مۇسۇلمانلار نېمە قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدە تەبلىغ پائالىيىتىدىن ۋاز كەچمىدى، ئىمانلىرىدىن ۋاز كەچمىدى. كېيىن مىلادىيە 615- يىلىدىن كېيىن ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، ئاندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى.

27. مۇشرىكلەر قانداق زۇلۇم قىلاتتى؟

باشتا مازاق قىلىپ مەسخىرە قىلاتتى. بارلىق ئىجتىمائىي ۋە تىجارىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزەتتى. قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىش ئارقىلىق قورقۇتماقچى بولاتتى. كېيىن ئۆلۈم بىلە تەھدىد قىلىپ ئۆزلىرى خالىغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۆلتۈرەتتى.

28. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قاچان، قەيەرگە ھجرەت قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مىلادىي 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە مەككىدىن مەدىنىگە ھجرەت قىلدى.

29. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كىم بىلەن بىرلىكتە ھجرەت قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن بىرلىكتە ھجرەت قىلدى.

30. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى كىم ئىدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئەبۇجەھىل ئىدى.

31. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكى قانچە يىل داۋاملاشتى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى 23 يىل داۋاملاشتى.
13 يىل مەككىدە (610 – 622).
10 يىل مەدىنىدە (622 ـ 623) داۋاملاشتى.

32. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قاچان ۋاپات قىلدى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھجرىيە رەبىئۇل ئاۋۋال ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە كۈنى مىلادىي 632 ـ يىلىدا مۇبارەك روھىنى جانابى اللە غا تەسلىم قىلدى.

33. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاپات قىلغاندا قانچە ياشتا ئىدى؟
ئۇلۇغ رەھبەرىمىز 63 ياشتا ئىدى.

34. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قەيەرگە دەپنە قىلىندى؟
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاپات قىلغان يەر بولغان مەدىنە ـ مۇنەۋۋەرگە دەپنە قىلىندى.

35. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قەبرى بۇلۇنغان يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟
ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى بۇلۇنغان يەرنىڭ ئىسمى راۋزائى مۇتاھھارا دۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسى

ئى ئىنسانلار!

سۆزۈمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار. بەلكىم بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن مەڭگۈ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن.

ئى ئىنسانلار!

بۇ كۈنلىرىڭلار قانداق مۇقەددەس بىر كۈن بولغان بولسا، بۇ ئايلىرىڭلار قانداق مۇقەددەس بىر ئاي بولغان بولسا، بۇ شەھرىڭلار (مەككە) قانداق مۇبارەك بىر شەھەر بولغان بولسا جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر، ھەر خىل تاجاۋۇزدىن مۇھاپىزەت قىلىنغاندۇر.

ساھابىلىرىم!

ئەتە پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. بۈگۈنكى پۈتۈن ئىش- ھەرىكىتىڭلاردىن چۇقۇم ھېسابقا تارتىلىسىلەر. ھەرگىزمۇ مېنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى ئازغۇن يولىڭلارغا قايتىپ بىر- بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چاپماڭلار! بۇ ۋەسىيىتىمنى بۇ يەردىكىلەر بۇ يەردە يوقلارغا يەتكۈزسۇن! بەلكىم ئاڭلىغان كىشى بۇ يەردىكى كىشىدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن.

ئى ئىنسانلار!

كىمنىڭ يېنىدا بىر ئامانەت بولسا ئۇنى ئىگىسىگە بەرسۇن. ئۆسۈمنىڭ ھەر خىل تۈرى مەنئىي قىلىندى. (ئۇنى) ئايىغىمنىڭ ئاستىدا چەيلىدىم. بىراق قەرزنىڭ ئەسلى مىقدارى بېرىلىشى كېرەك. نە زۇلۇم قىلىڭ، نەدە زۇلۇمغا ئۇچراڭلار. الله نىڭ پەرمانى بىلەن جازانخورلۇق مەنئىي قىلىندى. جاھالەت دەۋرىدىن قالغان بۇ ناچار ئادەتنىڭ ھەر خىل تۈرى ئايىغىمنىڭ ئاستىدا چەيلەندى. بىرىنچى بولۇپ تاغام ئاباسنىڭ ئالىدىغان ئۆسۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم.

ساھابىلىرىم!

جاھالەت دەۋرىدىكى خۇن داۋالىرىمۇ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىرىنچى بولۇپ جىيەنىم رەبىئانىڭ خۇن داۋاسىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم.

ئى ئىنسانلار!

بۈگۈن شەيتان سىلەرنىڭ بۇ زېمىنىڭلاردا يېڭىدىن تەسىر قىلىش ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىقتىدارىنى ئەبەدىي يوقاتتى. ئەمما سىلەر مەن ئەمەلدىن قالدۇرغان بۇ ئىشلاردىن باشقا كىچىك دەپ بىلگەن ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭلار بۇ ئۇنى بەكمۇ مەمنۇن قىلىدۇ. دىنىڭلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بۇلاردىنمۇ ھەزەر ئەيلەڭلار.

ئى ئىنسانلار!

ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشىڭلارنى ۋە بۇ ھەقتە الله دىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللىرىڭلارنى الله نىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنىڭ نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى الله غا ۋەدە بېرىپ ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار.

سىلەرنىڭ ئاياللارلاردا ھەققىڭلار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ ئۆيۈڭلەرگە سىلەر ياقتۇرمايدىغان ھېچقانداق كىشىنى

كىرگۈزمەسلىكتۇر. ئەگەر سىلەر رازى بولمايدىغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆيگە كىرگۈزسە ئۇلارنى ئاستا ئۇرۇپ بۇنىڭ ئالدىنى ئالساڭلار بولىدۇ.
ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەردىكى ھەقلىرى يۇرتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە پۈتۈن يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىنى تەمىنلەشتۇر.
ئى مۆمىنلەر!
سىلەرگە شۇنداق بىر ئامانەت بەردىمكى ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار يولىڭلاردىن ھەرگىزمۇ ئېزىپ قالمايسىلەر. بۇ ئامانەت بولسا الله نىڭ كىتابى قۇرئاندۇر.
ئى مۆمىنلەر!
سۆزەمنى ياخشى ئاڭلاڭلار ۋە ياخشى چۈشىنىڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. شۇڭا پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. دىن قېرىندىشىڭلارغا ئائىت بولغان ھەرقانداق بىر ھەق-ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىش باشقىسىغا ھالال ئەمەس. مەيلى ئۇ كۆڭۈل رىزالىقى بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن بولسۇن...
ساھابىلىرىم!
نەپسىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار. نەپسىڭلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار.
ئى ئىنسانلار!
جانابى الله ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەرگەن. مىراسخور ئۈچۈن ۋەسىيەتكە كېرەك يوق. بالا كىمنىڭ كارۋىتىدا تۇغۇلغان بولسا ئۇنىڭغا ئائىتتۇر.
زىنا قىلغانلار ئۈچۈن مەھرۇم قىلىش جازاسى بار. دادىسىدىن باشقىسىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ھارامزادە ياكى ئېرىدىن باشقىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن نومۇسسىز الله نىڭ ئازابىغا، پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە دۇچار بولسۇن!
جانابى ھەق بۇ كىشىلەرنىڭ نە تۆۋبىسىنى، نەدە شاھىتلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.
ئى ئىنسانلار!
ئەتە مېنى سىلەردىن سورايدۇ، نېمە دەيسىلەر؟
(ئۇيەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنى سۆزنى ئېيتتى:)
- الله نىڭ ئەلچىلىكىنى بىجا كەلتۈردۈڭ، ۋەزىپەڭنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىدىڭ، بىزگە ۋەسىيەت ۋە نەسىھەت قىلدىڭ.
(بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاھادەت بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم شۇنداق دېدى:)
گۇۋاھ بول يا رەببى!
گۇۋاھ بول يا رەببى!
گۇۋاھ بول يا رەببى!

اللە نىڭ تەۋفىق ۋە ياردىمى بىلەن بۇ ئەسەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ پۈتتۈرۈلدى. جانابى اللە گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە قىلسۇن. ئامىن!

2006- يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى. تۈركىيە. ئىستانبۇل